نىياز كېرىم شەرقى

# ئۇيغۇر خەتتاتلىق قوللانمىسى

ھەمكارلاشقۇچىلار : خۇشنۇت ، نۇرتېكىن
سكانىېرلىغۇچى : زەينۇرە مەۋلان ، ھەنىپە ئابدۇۋەلى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتوسۈرەت نەشرىياتى



## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

خەتتات نىياز كېرىم شەرقى 1948 - يىلى تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلىلا ئۇ خەتتاتلىق جەھەتتىكى تالانتى بىلەن مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇ بارلىقىنى خەتتاتلىق سەنئىتىگە بېغىشلاپ، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلغان ھەمدە بۇ ئەسىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى دەرىجىلىك «سەنئەت غۇنچە مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئۈرۈمچى ۋە قاراماي قاتارلىق شەھەرلەردە تۆت قېتىم شەخسىي «خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى» ئاچقان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك كۆرگەزمىلەرگە ئېلىنىپ ھەمدە مۇكاپاتلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.

ئۇ تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»، «ھۆسن خەت نۇسخىلىرى» ۋە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە «خەت يېزىش مەشقى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

خەتتات نىياز كېرىم شەرقى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، شىنجاڭ داشۆسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ كەڭ خەلق ئاممىسىنى خەتتاتلىق جەھەتتىكى بىلىملەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەنئەنىلىرىگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى چەتئەلنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەتتاتلىق جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىشتا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلىق نەزەرىيە تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ يىپەك يولى خەتتاتلار، رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

نىياز كېرىم شەرقىي

# ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قوللانمىسى

www.birhon.com
برهون بلىم ئامبىرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................................................ 1
ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ............................................................ 5
ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرى ................................................ 6
قەلەم، قەغەز ۋە سىياھلار ............................................................... 8
تۈز خەت نۇسخىسى ........................................................................ 10
نەسخى خەت نۇسخىسى ...................................................................... 24
ئەسلىيە خەت نۇسخىسى ..................................................................... 38
رۇقئى خەت نۇسخىسى ....................................................................... 52
تەئلىق خەت نۇسخىسى ...................................................................... 68
كۇفى خەت نۇسخىسى ....................................................................... 84
شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى .............................................................. 98
رەيھانى خەت نۇسخىسى ..................................................................... 112
دىۋانى خەت نۇسخىسى ...................................................................... 126
جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى ................................................................ 141
ئىجازەت خەت نۇسخىسى ..................................................................... 155
سۇلۇس خەت نۇسخىسى ....................................................................... 168
تۆۋئەم خەت شەكلى ........................................................................ 183
تەسۋىرىي خەت شەكلى ...................................................................... 188
ھەر خىل ھۆسن خەتلەر ..................................................................... 195

# كىرىش سۆز

خەتتاتلىق — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئىلىم-پەن، ھۈنەر-سەنئەت ساھەسىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىجادچان خەلقىمىز خەتتاتلىق سەنئىتىگىمۇ ئەزەلدىن ئەھمىيەت بىلەن قارىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان ئىدى. مەتبەئە كەشىپ قىلىنمىغان ۋە كىتاب بېسىش ئانچە راۋاج تاپمىغان دەۋرلەردە خەتتاتلىقنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىدە خەتتاتلىرىمىز كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئۆتىگەن بولسا، مەتبۇئات تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە خەتتاتلىق ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپلا قالماستىن، ئەكسىچە يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا.

خەتتاتلىق — يېزىق سەنئىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى يېزىق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. يېزىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا قەدىمكى

تۈرك يېزىقى يەنى ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ھەمدە چىغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ۋە لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشتىن باشقا، يەنە بەزى ئوخشمىغان رايون ۋە شارائىتلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بىراخما يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى، تىبەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نۇرغۇن يېزىقلارنى قوللىنىپ ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت جەھەتتە ئىزدەنگەن. ئۇلار بۇ يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ تارىخ، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە تىلشۇناسلىققا ئائىت كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار مەزمۇنى ۋە پەلسەپۋى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىقى، تارىخىي قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەنلا ئەمەس بەلكى خەتتاتلىق جەھەتتىكى سالمىقى بىلەنمۇ بىباھا سەنئەت بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئاجايىپ يۇكسەك ماھارەتكە، قالتىس يۇقىرى تالانتقا ئىگە خەتتاتلار يېتىلگەن ئىدى. ئورخۇن ـ يەنسەي ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن تارتىپ، دۇڭخۇاڭ، خېشى كارىدورى، تۇرپان ۋادىسىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ۋە تام سۇرەتلىرى بىلەن بىرگە يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل يېزىقلىرىدىكى بېغىشلىما مەزمۇندىكى ھۆسن خەتلىرى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ تالانتلىرىنى نامايەن قىلىدىغان جانلىق گۇۋاھلىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى خەتتاتلىقى كىلاسسىك قولىيازما ئەسەرلەر ۋە دىيارىمىزدىكى قەدىمىي مەسچىت، مازار ۋە ئىمارەتلىرىنىڭ ۋاسا، كاھىشلىرى، مېھراپ ۋە تاملىرىغا ئويۇپ ھەل بېرىلگەن ھۆسن خەتلەر بىناكارلىق سەنئىتىمىز بىلەن بىرگە ئۆز كارامىتىنى تەنتەنە قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا خەتتاتلىققا قىزىقىش قىزغىنلىقى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، خەتتاتلىققا ھەۋەس قىلغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى. پېشقەدەملەر باشلامچى بولۇپ يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىپ ھەمدە ئۆز بىلىملىرىنى قىلچە يوشۇرماي ياش ھەۋەسكارلارغا ئۆگەتكەچكە، بىر تۈركۈم ياش ئۈمىدلىك خەتتاتلار يېتىلدى. خەتتاتلىق بۇرۇن ئەمەلىي ئىشلىتىش يەنى ئىستىمال قىممىتىگىلا ئىگە ئىدى. ھازىر كىشىلەرگە ئېستېتىك لەززەت بېرىدىغان سەنئەت بويۇمىغا ئايلاندى؛ خەتتاتلىقتا ھەر خىل كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈشتىن سىرت، گېزىت، ژۇرناللاردا ئالاھىدە سەھىپىلەرگە ئىگە بولدى. ھازىر خەتتاتلىرىمىز ئۆزىنىڭ

چۈمەر قولى بىلەن تىل بايلىقلىرىغا جان بېرىپ، خەتلەرنى بەزىدە ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يېزىپ كىشىگە ئۈمىد ۋە جاسارەت ئاتا قىلسا، بەزىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنى، خۇش سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى ئەسلىتىپ، كىشى قەلبىگە شادلىق ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ ۋە بەزىدە خەتلەرگە ساھىپجامال-لاردەك گۈزەل، خۇش خۇي ھۆسن بېرىپ، كىشىلەر قەلبىگە مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ ئۆزىگە ئاشىقى بىقارار قىلىدۇ.

80 ـ يىللارنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھازىر مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەتتات ۋە ھەۋەسكارلار خەتتاتلىق سەنئىتىگە پەرۋانىدەك ئورۇنۇپ، خەتتاتلىق سەنئىتىمىزنى جانلاندۇرۇپ، سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ چاڭقىغان قەلبىگە ھوزۇر بەرمەكتە.

ھۆسن خەت ــــ يېزىقنى ئىشلەنگەن كەشتە. تەبىئىيكى ھۆسن خەتنىڭ كەشتىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىشلەنگەن خىلمۇ ـ خىل نۇسخىلىرى بار. بۇ ھەر خىل نۇسخىلار ئۆزگىچە ئېچىلغان گۈلدەك خەتتاتلىق گۈلزارىغا زىننەت، تاماشىبىنلىرىغا لەززەت بېرىدۇ. ئىجادچان خەلقىمىز ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەن. خىلمۇ خىل ئۇسۇللاردا يېزىلغان نۇسخىلارنى ۋە شۇ نۇسخىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى ۋارىيانتلىرىنى ياراتقان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

ھازىر كۆپرەك قوللىنىدىغانلىرى: تۇز خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرپ شەكىللىرىگە ئىگە بولغان نەسخى خەت نۇسخىسى، كۇفى خەت نۇسخىسى، شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى، رەيھانى خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە، تۆۋئەم، تەسۋىرىي، كۈرگۈل، جەللى خەت شەكىللىرى بار. بۇلار گەرچە ئايرىم ھەرپ شەكىللىرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە.

بۇ كىتابتىكى ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى تارىختا ئىشلەتكەن قولىيازمىلارغا ئاساسەن قايتىدىن رەتلەپ چىقتىم. نامىلىرىمۇ ئەنئەنىۋى ئاتىلىشى ھەمدە ھازىرقى جانلىق تىلدىكى ئاتىلىشىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. بۇ كىتاب خەتتاتلارنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى، ھەۋەسكارلارنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد

قىلىمەن.

گەرچە مەن ئۇزۇن يىل خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولساممۇ، سەۋىيەم چەكلىك، يەنىلا ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش باسقۇچىدا بولغاچقا، كىتابتا يا ئۇنداق يا مۇنداق خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كەسپداش ۋە كىتاب-خانلارنىڭ سەممىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

نىياز كېرىم شەرقى
1992 - يىلى 1 - ماي، ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | يالغۇز شەكلى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاخىرى شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا ا | | | ـا ـئا | ئا |
| 2 | ئە ە | | | ـە ـئە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |

| № | يالغۇز شەكلى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاخىرى شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | | | ـھ | ھې |
| 25 | ئو و | | | ـو ـئو | ئو |
| 26 | ئۇ ۇ | | | ـۇ ـئۇ | ئۇ |
| 27 | ئۆ ۆ | | | ـۆ ـئۆ | ئۆ |
| 28 | ئۈ ۈ | | | ـۈ ـئۈ | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې ې | ئېـ ېـ | ـئېـ ـېـ | ـئې ـې | ئې |
| 31 | ئى ى | ئىـ ىـ | ـئىـ ـىـ | ـئى ـى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

# ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرى

ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ھۆسن خەتلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگىنىش ھەممە ھەرپلەرنىڭ بۆلەكلىرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن چۈشىنىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرىنى ئۆگىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

ئۇيغۇر يېزىقى – ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە 20 ھەرپنىڭ يالغۇز شەكلى، باشتىن، ئوتتۇرىدىن ۋە ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكىللىرى بار، 12 ھەرپنىڭ يالغۇز ۋە ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى بار. بۇ ھەرپلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 4 خىل بولسىمۇ، بەزىلىرى 2 خىل ۋە بەزىلىرى 8 خىل شەكىلدە بولۇپ، جەمئىي 124 ھەرپ شەكلى بار. بۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسى ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى دېگىنىمىز، بىر قانچە ھەرپ شەكىللىرىدە ئۆز ئارا ئوخشاشلىقى، بەلگىلىك ئۆلچەمگە ئىگە بولغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرپ شەكلى بولالايدىغان ياكى مۇستەقىل ھەرپ شەكلى بولالمايدىغان ھەرپ ياسىغۇچى سىزىقلار بولۇپ، بۇلار ھەرپنىڭ ئەڭ كىچىك بۆلەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: « د» بۇ خىل سىزىق ھەرپ مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل ھالدا «ئى» ھەرپىنىڭ باشتىن قوشۇلىدىغان كىچىك شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل سىزىققا باشقا قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە قۇرۇلما بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى بىلەن «ب، ب، پ، پ، ت، ت، ذ، ذ، ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئې، ئى» قاتارلىق 20 نەچچە باش ھەرپ ۋە يالغۇز ھەرپ شەكىللىرى ياسىلىدۇ. شۇڭا «د» ھەرپ قۇرۇلما سىزىقى ھېسابلىنىدۇ. «ں» بۇ خىل سىزىق ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرپ بولالمايدۇ. ئەمما باشقا قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى قۇرۇلما بەلگىلەرنىڭ قويۇلۇشى بىلەن «ن، ق، س، ش» قاتارلىق ھەرپ شەكىللىرى ياسىلىدۇ، شۇڭا «ں» مۇ ھەرپ قۇرۇلما سىزىقى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 124 ھەرپ شەكلى شەرتلىك بەلگىلىمە بويىچە پارچىلانغاندا 24 قۇرۇلما سىزىقى، 9 قۇرۇلما بەلگىسىگە ئىگە بولىدۇ.

ئوخشاش ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرىدىن پەرقلىق ھەرپلەرنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاستى ياكى ئۈستىگە قويۇلغان چېكىت، پەش ۋە ھەمزىلەر ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدا توققۇز خىل قۇرۇلما بەلگىسى بولۇپ، 11 خىل ھالەتتە قوللىنىلىدۇ. يېزىقىمىزدا قۇرۇلما بەلگىلىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قويۇشقا تېگىشلىك بەلگە قويۇلمىسا ھەرپ ياسىغىلى بولمايدۇ، ياكى باشقا ھەرپ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرىگە سەل قاراشقا، خالىسا قويۇپ، خالىمىسا قويماسلىققا ھەرگىز بولمايدۇ. خەتتاتلىقتا قۇرۇلما سىزىق ۋە بەلگىلەرنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەر بىر نۇسخىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما سىزىقلىرى، بەلگىلىرى ۋە ئۆلچەملىرى بار.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ ئۆز شەكلىگە ۋە رولىغا ئاساسەن قويۇلغان ناملىرى بار. نۇسخىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى مۇشۇ ناملار ئاساسىدا بولىدۇ.

# ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرى

| شەكلى | نامى |
|---|---|
| ا | تك |
| ﻟ | ئوڭتك |
| ﺎ | سولتك |
| ـا | پەستك |
| ـ | كىرتك |
| ـد | باشكىرتك |
| ـ | سىزىق |
| ر | سىرمە |
| ـب | تۈزسىرمە |
| ـ | پەسسىرمە |
| ـ | ئەگمە |
| ـ | قاشئەگمە |

| شەكلى | نامى |
|---|---|
| ر | يائەگمە |
| ں | تاقا |
| ٥ | ھالقا |
| ـ | تۈگۈن |
| ـ | قىرتۈگۈن |
| ـ | قوشتۈگۈن |
| د | دېلتا |
| د | سەچۈك |
| ، | پەشقولاق |
| ء | چىغىر |
| ـ | تاقشاخ |
| ـ | جۈپشاخ |

| شەكلى | نامى |
|---|---|
| ـٔـ | چېكىت |
| ـ | جۈپ چېكىت |
| ـ | ئۈچ چېكىت |
| ـ | تىم |
| ـ | جۈپ تىم |
| ـ | تك تىم |
| پ | ئۈچ تىم |
| ء | ھەمزە |
| و | «ئو» پەش |
| ٧ | «ئۆ» پەش |
| ١ | «ئۇ» پەش |
| (ئ) | باش ھەمزە |

## قەلەم ، قەغەز ، سىياھلار

ھەر قانداق بىر يېزىقنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئۆز يېزىقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن قەلىمى بولىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ ھەرپلىرى ئۇلىنىپ يېزىلىدىغان بولغاچقا، مەلۇم كەڭلىككە، مۇقىم ئۆلچەمگە، ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سىياھ راۋان چىقىدىغان، ياپىلاق ئۇچلۇق قەلەملەردە يېزىلسا، خەت تەكشى، كۆركەم ۋە چىرايلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئىشلىتىدىغان قەلەملەر كۆپىنچە بامبۇك، قومۇچ، ئىرغاي ياغىچى، قارىغاي ياغىچى قاتارلىقلاردا ياسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلەم ئۇچى قىلىنىدىغان تەرىپى ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە ياپىلاقلاپ ئۇچلىنىپ، بىر ئاز ئېلاستىكلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇچىنىڭ ئىككى قىرلىق تەرىپى زوڭزۇر بولغان كەڭلىك ئۆلچىمىگە ئاساسەن سىلىقلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇچىنى 15 گرادۇستىن 35 گرادۇسقىچە كىشىلەپ كېسىپ، ئۇچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تەخمىنەن بىر سانتىمېتىردىن بىر يېرىم سانتىمېتىرغىچە ئىچكىرىلىكتە جىراق ئېچىلىدۇ. ئەگەر قەلەم ئۇچى كەڭ بولسا، بۇنداق جىراقتىن ئىككى ئۇچىنى ئېچىش كېرەك. بىر قەدەر چوڭ ھۆسن خەتلەرنى يېزىشتا مەخسۇس ياسالغان موي قىسقا، ياپىلاق، كەڭ چوتكىلاردىن پايدىلىنىپ يازسا بولىدۇ. پىلاكات، لەۋھە، تام گېزىتى ۋە كۆرگەزمىلەردە ئىشلىتىدىغان، قېلىپ چاپلايدىغان چوڭ خەتلەرنى يېزىشتا سىركولىنىڭ ئىككى ئۇچىغا قەلەم ئورنىتىپ ياكى ئىككى قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇچى تار، بىر ئۇچى كەڭ ياغاچنى قىستۇرۇپ، قېرىنداشنى مۇقىملاشتۇرۇۋېلىپ يازسىمۇ بولىدۇ. رۇچكا ۋە پولات قەلەمنىڭ ئۇچىنى بىر مىللىمېتىردىن ئۈچ مىللىمېتىرغىچە كەڭلىكتە قىيپاش كېسىپ، بىلەيگە سۈركەپ سىلىقلاپ ھۆسن خەت قەلىمى ياسىۋالسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئورگانىك ئەينەك تاختىدىن 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈچ پارچە كېسىپ، كەڭلىكنى ئېھتىياجغا ئاساسەن توغرىلاپ، ئوتتۇرىدىكىنى ئىچكىرەك، ئىككى تەرەپتىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ جىپسىلاشتۇرۇپ، ئۇچىنى قىيپاش كېسىپ قەلەم ياسىۋالسىمۇ ياخشى قەلەم بولىدۇ.

خەتتاتلىقتا ھەر خىل قەغەزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ھۆسن خەت ئەسەرلىرىنى شۋەنزى (宣纸) قەغەزگە يازغان ياخشى. شۋەنزى قەغىزى ئىككى خىل بولۇپ، شۇشۇەن (熟宣) قەغىزى ئۇيغۇرچىغا باپ كېلىدۇ. شۋەنزى قەغىزىنى پاتلاپ، تاۋارلىغاندىن كېيىن ئەسەرنى ئۇزاق ساقلاشقا ھەمدە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەسەرلەرنى قېلىن قەغەزلەرگە ئىشلىسە بولىدۇ.

ھۆسن خەت ئەسەرلىرىنى قارا سىياھدا يېزىش كېرەك. قارا سىياھ پاتلاپ، تاۋارلاش جەريانىدىكى سۇ يۇركۇشلەردە يېيىلىپ كەتمەيدىغان، پۇراقلىق ھەم تۇم قارا رەڭلىك «جۇڭخۇا»، «يى دېگې» ماركىلىق ئالىي سورتلۇق قارا سىياھ بولۇشى كېرەك. بۇ سىياھ ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھۆسن خەت يېزىش قىياپىتىڭىز ۋە قەلەم
تۇتۇش ئۇسۇلىڭىز توغرا بولسۇن.







# تۈز خەت نۇسخىسى

تۈز خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئاساسلىق نۇسخىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت، كىتاب، ژۇرنال ۋە ھەر خىل ماتېرىياللاردا، خەت بېسىش ماشىنىلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق خەت تىزىش ماشىنىلىرىدا ئۆزىنىڭ مەتبەئە شەكلى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرسا، بۇ نۇسخىنىڭ قولىيازما شەكىللىرى ئېلىپبە ۋە بىر قىسىم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىدا شۇنداقلا ئىدارە، ئورگان، فابرىكا، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل شەكىللىرىنى نامايان قىلىدۇ.

تۈز خەت نۇسخىسى توغرا سىزىقنى مەركەز قىلىپ، تەكشى، ئۆلچەملىك يېزىلىدىغان نۇسخا بولۇپ، كىشىلەرگە جىددىي، سالماق، ئەستايىدىل، ئېغىر-بېسىقلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. بۇ نۇسخىدا يېزىلغان خەتنى ناۋادا بىر ئادەمگە ئوخشاتقاندا، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىر مۇيسىپىت ئەركەكنىڭ رەتلىك، پاكىز، ئاددىي-ساددا كىيىنگەن تۇرقىنى شۇنداقلا ھۆرمەت قاراۋۇلىغا تۇرغان جەڭچىنىڭ جىددىي، سالماق روھىي ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ نۇسخىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى، ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلىرى كۆپ بولۇپ، مۇھىم، سىياسىي تۈس ئالغان ھەر خىل يىغىن ۋە چوڭ پائالىيەتلەرنىڭ خەتلىرىنى مۇشۇ نۇسخىدا يازسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ناھايىتى تەكشى، ئۆلچەملىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىلغان ھۆسن خەت ئەسەرلىرى بولسا، كۆرگەزمىلەردە بۇمۇ ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن كىشىلەرگە شاھلىق بېغىشلايدۇ.

تۈز خەت نۇسخىسىدا بارلىق ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى ئۆستىخانلىق، توق، ئېگىز-پەسلىكى نورمال يېزىلىدۇ. ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىقلىرى قەلەم تومىلىقىنىڭ 2 / 3 قىسمىغا توغرا كەلگەن ھالدا تۈز تارتىلىدۇ. ھەرپلەر قىرسىز، سىلىق يېزىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرپلەرنىڭ مەركىزى سىزىقلىرى توغرا سىزىققا بەنت قىلىنىپ، بىر خىل تۈز سىزىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خەت يازىدىغان ئورۇننىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ياكى ئېگىز-پەسلىكى تۈپەيلىدىن خەتلەر ئېگىز ياكى سوزۇپ، ئاچ ھەم توق ھالەتتە يېزىلغاندىمۇ ھەرپلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى تۈز خەت نۇسخىسى — تەكشى ئۆلچەملىك بىر نۇسخا بولغاچقا، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ يېزىشقا بولمايدۇ. بۇ نۇسخا ئۆلچەملىك، قائىدىلىك نۇسخا بولغاچقا ھۆسن خەت ئۆگىنىشنى بۇ نۇسخىدىن باشلاش كېرەك.

# تۆز خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ـا | ئا | ئا |
| ە | ـە | ئە | ئە |
| ب | ـبـ | بـ | بـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خ | خ | خـ | خـ |
| ر | ر | د | د |
| ژ | ژ | ز | ز |
| س | س | سـ | سـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ـم | ـمـ | مـ |
| ن | ـن | ـنـ | نـ |
| و | ـو | ـئو | ئو |
| ۇ | ـۇ | ـئۇ | ئۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۈ | ـۈ | ـئۈ | ئۈ |
| ۆ | ـۆ | ـئۆ | ئۆ |
| ـھـ | ھـ | ـۋ | ۋ |
| ې | ـئې | ـېـ | ئېـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئـ | ـىـ | ئى | ى |
| يـ | ـيـ | ـي | ي |

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشق

ئا با جا غا قا كا ھا يا

ئە تە خە غە قە لە گە ھە

ئې تې جې شې قې كې لې ھې

ئى بى چى سى فى مى يى ھى

ئو ئۇ ئۈ ئۆ خو قۇ مۈ ھۇ

شەرقى 1992.

ئەگەر بولسا خان، قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.
پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۆز بالاغەتتە بەك يېقىملىق.
خېتى ئۆز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.
پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

«قۇتادغۇبىلىك»تىن. شەرقى يازغان

ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بلملكنى بل،

بلملك كشنى سەن ئەل چوڭى بل.

بلم بايلق ئول گادايلاشمايدىغان،

قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

ئەقل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،

بلم كمدە بولسا، بۇيۇكلۇك تاپۇر.

ئەقللق ئۇقار ئول، بلملك بلۇر،

بلملك، ئەقللق تلەككە يېتۇر.

«قۇتادغۇبلك»تن . شەرقى يازغان

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

قويۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر،
ئۆچىدۇ قامغاق بىچارە مەغرۇر.
قىزىل يۇلغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرى. شەرقى يازغان

كۈمۈشنى ئشلەتسە، تۈگەر، يوقلۇر،
سۆزۈمنى ئشلەتسە، كۈمۈش قازنۇر.
كشدن كشگە مراس سۆز قالۇر،
مراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

بلملە ييشلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بلم بل، ئەقل ئۇق، ئاڭلق ياشغن.
بلم برلە ئش قل، تلڭ توغرا تۇت،
ئۈگەن سەن، بكارغا ئۆتمسۇن بۈگۈن.

نياز كېرىم يازغان 1982.10

# نەسخى خەت نۇسخىسى

نەسخى خەت نۇسخىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا تۈز خەت نۇسخىسى بىلەن ئارىلاش قوللىنىلماقتا. بۇ ئىككى نۇسخىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە نەسخى خەت نۇسخىسى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز.

«نەسخ» كۆچۈرۈپ يېزىش، قايتا يېزىش، ئۇششاق خەت دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرىگە ئىگە. نەسخى خەت نۇسخىسى 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئورنىنى دەسسەپ ئىجاد قىلىنغان چىرايلىق ھەم سىلىق، يېزىشقا قولايلىق، ئوقۇشقا ئوڭاي نۇسخا بولۇپ، ھەرپلىرى ئىرسىز، تولۇق، ئوچۇق، تەكشى ھەم ئەركىن دانە-دانە يېزىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ نۇسخىدا ھەرپلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈز سىزىقنى بويلاپ يېزىلىدۇ. ھەرپ قۇرۇلمىلىرى تۈز سىزىققا ئۆلۈك ھالدا زورمۇ-زور بەنت قىلىنماستىن، مەلۇم دەرىجىدە ئەۋرىشىملىكنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. نەسخى خەت نۇسخىسىنىڭ تىك سىزىقلىرى سولغا مايىل سەل-پەل قىيپاش بولۇپ، تىك، ئوڭتىك سىزىقلىرى ئۈستىدە كىچىك ئىلمەك چىقىرىپ يېزىلىدۇ. ھەرپلەرنىڭ باش كىرتىكلىرى قىسقا، چىشلىرى قىرلىق بولۇپ جانلىق، تەبىئىي يېزىلىدۇ. ھەرپلەرنىڭ قاش ئەگمىلىرى قەلەمنىڭ تولىقىدا توق يېزىلىدۇ. بۇ نۇسخىدا «ر، ز، ئو، ئۇ» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ سېرمىلىرى جانلىق، ئۆزگىچە بولۇپ، سېرمىنىڭ ئاخىرقى قەلىمى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ. چېكىتلىرى دانە-دانە تۆت چاسا قويۇلىدۇ. نەسخى خەت نۇسخىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقئارادا پۈتكۈل مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. قوليازمىلىرىمۇ ناھايىتى تەكشى، چىرايلىق. بۇ نۇسخىدا مەلۇم جەھەتلەردە سۇلۇس ۋە رۇقئى نۇسخىسىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، سۇلۇس ۋە رۇقئى، تۈز خەت نۇسخىلىرىمۇ نەسخى خەت نۇسخىسىدىن ئىلھام ئېلىپ ئىجاد قىلىنغان. نەسخى خەت نۇسخىسىنىڭ خېلى كۆپ ۋارىيانتلىرى بار. بەزى نۇسخىلىرى ناھايىتىمۇ چىرايلىق. بەزى نۇسخىلىرى خەتتاتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش مەقسىتىدە ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مەلۇم جەھەتتە قىرلىق يېزىلغاچقا، كىشىلەرگە شىددەتلىك دولقۇنلاردا تەۋرەنمەي، تاۋلانغان قىيا تاشلىق مەزمۇت تاغلارنى ئەسلىتىپ، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ.

نەسخى خەت نۇسخىسى بىلەن تۈز خەت نۇسخىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەر ئىككى نۇسخىنى ئۆزلىنىشى بويىچە ساغلام تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

# نەسخى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا | ئـا | ـا | ا |
| ئە | ئـە | ـە | ە |
| بـ | ـبـ | ـب | ب |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خ | ـخ | ـخـ | خـ |
| ـر | ر | ـد | د |
| ـژ | ژ | ـز | ز |
| ـس | س | ـسـ | سـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ـم | ـمـ | مـ |
| ن | ـن | ـنـ | نـ |
| و | ـو | ـئو | ئو |
| ۇ | ـۇ | ـئۇ | ئۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆ | ـئۆ | ۆ | ـۆ |
| ئۈ | ـئۈ | ۈ | ـۈ |
| ۋ | ـۋ | ھ | ـھ |
| ئېـ | ـېـ | ـئې | ې |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئـ | ـ | ئى | ى |
| يـ | ـيـ | ـي | ي |

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشىق

ئا نا خا غا فا كا ما ها

ئە تە خە غە قە لە گە ھە

ئې تې جې غې قې كې لې ھې

ئى بى جى سى فى مى نى ھى

ئو ئۇ ئۆ ئۈ خو قۇ مۆ ھو

شەرقى 1992 .

"خەتتات" دېگەن بۇ پەخىرلىك نام
ھەممە كىشىلەرگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ،
پەقەت ئۆز بىلىمىنى، ئۆز خەتلىقىنى، ئۆز تىل-يېزى-
قىنى سۆيىدىغان، مۇيسپت ۋە ئالىيجاناپ،
بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر، باشقىلارغا يې-
زىقنىڭ گۈزەل شەكىللىرى ئارقىلىق ئىس-
تېتىك زوق ھەم بەدىئىي لەززەت
بېرەلەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر.

نىياز كېرىم شەرقى

بۇ دۇنيا كىشىگە ئۇزۇن بىر مەنزىل،

كارۋانلار ئۆتكۈسىمەي يۈرەر يىلمۇ يىل.

بەرداشلىق بېرىشچۈن بۇ ئۇزۇن يولدا،

ئىلىم-پەن لازىمدۇر، بۇنى ياخشى بىل.

بىلىمدۇر تۈگىمەس، يوقالماس مۈلۈك،

بولغۇسى سەپەردە دەرياغا كۆۋرۈك.

نۇر بىلەن ئاسمانغا يول سالدى ئالىم،

قەلەم نۆۋىتىدە ئاسمانغا تۈۋرۈك.

ئەھمەد زەيدى شېئىرى . شەرقىي يازغان

هەقىقەت مۇنداق جاكا چىقاردى:
«كۆز كۆرمەسلەر كور ئەمەس، پە-
قەت مېنى كۆرمىگەنلەرلا كور. تىلسىز-
لار گاچا ئەمەس، پەقەت مەن ئۈچۈن سۆز-
لىمىگەنلەرلا گاچا. پاڭقايالار گاس ئەمەس،
پەقەت ماڭا قۇلاق سالمىغانلارلا گاس».
بۇ جاكاغا شەخسىيەت مەسخىرە ئارىلاش
كۈلدى. ئەقىل چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. ۋىج-
دان مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتتى.

ئەھمەد ئىمىن نەسرى توپلىمىدىن. نىياز كېرىم شەرقى يازغان

يارسىز مىڭ يىل ياشىسام،

ئۆتكەن كۈنۈم بىر كۈنچە يوق.

ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا،

دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

قىزىل گۈلنى دېمىسەم،

غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.

سەن يارىمنى دېمىسەم،

بۇ شەھەردە تۇرغۇم يوق.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى. شەرقى

# ئەسلىيە خەت نۇسخىسى

ئەسلىيە خەت نۇسخىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئەسلىيە» دېگەن بۇ سۆز، مەركىزىي سىزىق، ئاساسىي سىزىق دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرىگە ئىگە. ئەسلىيە خەت نۇسخىسى توغرا سىزىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا يېزىلىدىغان بولغاچقا كۆركەم، سىمىز كۆرۈنىدۇ. قىسقا ئورۇنغا ئۇزۇن جۈملىلەرنى سىغداپ يېزىشقا توغرا كەلگەندە، خەتلەر كۆپىنچە ئىنچىكە، ئېگىز بولۇپ كۆركەم كۆرۈنمەيدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خەتنى ئەسلىيە نۇسخىسىدا يازسا، ھۆسن خەت يىراقتىن قارىغاندىمۇ كۆركەم، چىرايلىق ھەمدە جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ.

ئەسلىيە خەت نۇسخىسىدا «ئا، ك، ڭ، ل» ھەرپلىرىنىڭ تىك سىزىقلىرى مەركىزىي سىزىقنىڭ 1/2، 1/3، 1/4 ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىنچىكرەك يېزىلىدۇ، «س، ش» ھەرپلىرىگە ئوخشاش مەركىزىي سىزىقنى بويلاپ يېزىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ كىرتىكلىرى ئىنچىكە، زىچ ئېلىنىدۇ ھەمدە كىرتىكلىرىنى مەركىزىي سىزىق ئۈستىگە ئايرىم يېزىپ قويۇشقا، شۇنداقلا ھەر خىل ئىجادىي ئۇسۇللاردا يېزىشقا بولمايدۇ.

ئەسلىيە خەت نۇسخىسىنىڭ بىر قانچە خىل يېزىش ئۇسۇلى بار. بىرىنچىسى: ئىككى خىل كەڭلىكتە ئۇچلانغان ئىككى قەلەمنى تەڭ ئىشلىتىپ خەت يېزىش، بۇنىڭدا بىر قەلەمنىڭ ئۇچى ئىنچىكە، يەنە بىر قەلەمنىڭ ئۇچى ئىنچىكە قەلەمنىڭ بىردىن ئىككى ھەسسىسىچە كەڭلىكتە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇچى ئىنچىكە قەلەم بىر سانتىمېتر كەڭلىكتە بولسا يەنە بىر قەلەمنىڭ ئۇچى بىر يېرىم ياكى ئىككى سانتىمېتر بولىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ بولىدۇ. ھەرپلەرنىڭ مەركىزىي سىزىققا چۈشىدىغان قۇرۇلمىلىرى ئۇچى كەڭ قەلەمدە، باشقا ھەممە قۇرۇلمىلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرى بىردەك ئىنچىكە ئۇچلۇق قەلەمدە يېزىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھۆسن خەت يازغاندا ئىككى قەلەم تەڭ ئىشقا سېلىنىپ، خەتلەرنىڭ مەركىزىي سىزىقتىكى قىسمى توم قەلەمدە، باشقا قىسىملىرى ئىنچىكە قەلەمدە، قەلەم قولدا ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىپ بىر باشتىن پۈتۈپ چىقىدۇ. ئىككىنچىسى: بىر خىل كەڭلىكتىكى قەلەمدە مەركىزىي سىزىقتىكى قىسمى ئېھتىياجغا ئاساسەن كېڭەيتىپ، باشقا قىسىملىرى كېڭەيتىلمەي يېزىلىدۇ. ئۈچىنچىسى: كەڭ قەلەم بىلەن مەركىزىي سىزىققا توغرا كېلىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئاساسىي سىزىقى سىزىۋېلىنىپ، ئارقىدىن كىرتىك ۋە باشقا قۇرۇلما بەلگە ۋە سىزىقلىرى يېزىلىدۇ. ئەسلىيە خەت نۇسخىسى بىر قەدەر جانلىق نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرى بار.

# ئەسلىيە خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ـا | ـئا | ئا |
| ە | ـە | ـئە | ئە |
| ب | ـب | ـبـ | بـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خ | خ | خـ | خـ |
| ر | ر | د | د |
| ژ | ژ | ز | ز |
| س | س | سـ | سـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ـم | ـمـ | مـ |
| ن | ـن | ـنـ | نـ |
| و | ـو | ـئو | ئو |
| ۇ | ـۇ | ـئۇ | ئۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ـۆ | ۆ | ـئۆ | ئۆ |
| ـۈ | ۈ | ـئۈ | ئۈ |
| ـھـ | ھـ | ـۋ | ۋ |
| ـې | ـئې | ېـ | ئې |

ئىـ ـىـ ئى ى

يـ ـيـ ـي ي

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشق

ئا با جا غا قا كا ها يا

ئە تە خە غە فە لە گە هە

ئې تې جې شې قې كې لې هې

ئى بى چى سى فى مى نى هى

ئو ئۇ ئۆ ئۈ خو قۇ مۆ هۈ

شەرقى 1992.

نچۇك ئەرسانالۇر مىڭلەر دۈشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۆزنى ھەر كۈنى،
كۆر، ئىشتىن قاچقان ئۆ بۆرە بولارمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىشنىڭ ئۆزنى،

بولشۇرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان،
ئەگەر بولسا ئىت ئۆ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان،

«قۇتادغۇبىلىك»تىن . شەرقىي يازغان

ئادەم ئۆز ئاخىرى بىر ئوچۇم توپراق،
كەتتىمۇ ئەبەدكە كەلمەيدۇ بىراق.
شۇ ئوچۇم توپراقتىن ئۈنەر قىزىل گۈل،
ۋەياكى شۇمبۇيا ۋەياكى ياتناق.
پەللىگە يېتەلمەي قالسىمۇ قەبرەم،
مەنزىلدىن مەنزىلگە باسىدۇ نەۋرەم،
ئەجدادى ئىزلىرى قالغان يول بىلەن،
يەتكۈسى پەللىگە تۈمەن نەسلى چەۋرەم.

«سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدىن . شەرقى يازغان

مەرىپەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرى . شەرقى يازغان

# رۇقئى خەت نۇسخىسى

رۇقئى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا تەسىرى چوڭ، ئىشلىتىلىشى كەڭ، ئاممىباپ نۇسخىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«رۇقئى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىككىلىك خەت، باغاق، سالام خەت دېگەن لۇغەت مەنىسىگە ئىگە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇقئى خەت نۇسخىسىنى 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ خەتتات ياقۇت مۇستەسىم ئىجاد قىلغان. ياقۇت مۇستەسىم ئۆز دەۋرىدە خەتتاتلىقتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، «كاتىپلارنىڭ پىر ئۇستازى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. 800 يىل مابەينىدە رۇقئى خەت نۇسخىسى، ئەرەب ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا مىللىي يېزىقنى قوللىنىدىغان بارلىق دۆلەتلەرگە كەڭ تارقىلىپ، خەتتاتلىقتا ئاساسلىق نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

رۇقئى خەت نۇسخىسىدا بىر خىل يېڭىلمەس، جەڭگىۋارلىق، مەردانە ۋە باتۇرلۇق، جاسارەت ۋە شىجائەت، يېمىرىلمەس غالىپ روھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىدا ھەرپلەرنىڭ كىرتىكلىرى پىچاق تىغىدەك ئۆتكۈر يېزىلىدۇ. ئۈچ چېكىتلىرى ئەگمە ھالەتتە، ئىككى چېكىتلىرى بىر قىسقا سىزىقچە قىلىپ بىر قەلەمدىلا يېزىلىدۇ. «ت»، «ق» ھەمدە «ش» ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ھەرپلەرگە ئۇلىنىپ بىراقلا يېزىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇب بىر خىل چۇرۇس، كەسكىن، قەتئىي ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ قىرلىق، تولۇق، سولغا مايىل يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى كىشىلەرگە مۇستەھكەم قورغانلارنى، مەزمۇت تاشلىق تاغلارنى، پەلەمپەيلىك مەيدانلارنى ئەسلىتىدۇ.

رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى تۆز خەت نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا سەل كالتە، دىقماقراق كېلىدۇ. تىك سىزىق ۋە توغرا سىزىقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن توختاش تومۇلۇقتا بولۇپ، پەرقى ئازراق بولىدۇ.

رۇقئى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان خەتلەرنى ناھايىتى كۆپ ئورۇنلاردا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ نۇسخىنىڭ ھەرپلىرى ئىخچام، خەتلىرى كۆركەم بولغاچقا، ئەدەبىي تىلى كۈچلۈك، جەڭگىۋار جۈملىلەرنى يازسا ياخشى ھۆسن خەت ئەسەرلىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ نۇسخىدا ۋىۋىسكا، تەشۋىقات ۋە ئېلان تاختايلىرىنىڭ خەتلىرىنى ئىشلىسە بولىدۇ. بولۇپمۇ تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ ناملىرىنى قېلىپ چاپلاشقا ياكى ئويۇپ بېسىشقا بەكمۇ ئەپلىك. بۇ نۇسخىنىڭ خېلى كۆپ ۋارىيانتلىرى بار. جۈپ چېكىتلەر بەزىدە ھەرپلەرگە ئۇلىنىدۇ، بەزىدە ئۇلانمايدۇ. «ئە» ھەرپىنىڭ پەش قۇلىقى بەزىدە يېزىلمايدۇ. «ك»، «ڭ» ھەرپلىرىنىڭ چىغىر بەلگىلىرى بەزىدە ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ، بەزىدە ئۇلانمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ نۇسخىدا خەت يازغاندا ئىزچىللىقنى ساقلاش ھەمدە قەلەمنىڭ كەڭلىكى، خەتنىڭ ياتقۇلىقى، خەتلەرنىڭ تەكشىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

# رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا | ئـا | ـا | ا |
| ئە | ئـە | ـە | ە |
| بـ | ـبـ | ـب | ب |




خ خ خ خ
د د ر ر
ز ز ژ ژ
س س س س

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |





| | | | |
|---|---|---|---|
| ى | ئى | ـىـ | ئـ |
| ي | ـي | ـيـ | يـ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 0 |

مەشق

ئا با جا سا غا قا كا ھا

ئە تە خە شە غە قە گە ھە

ئې تې جې شې فې مې كې ھې

ئى بى جى سى قى يى گى ھى

ئو ئۇ ئۆ ئۈ جۇ قۇ مۆ ھۈ

شەرقى 1992.

ياخشى يېزىلغان خەت ۋە خەت چېكىتلىرى
گويا چىرايلىق قىزلارنىڭ يۈزىگە گۈزەللىك بەخش
ئەتكەن خالدەك ئاق قەغەزنىڭ جامالىنى
بېزەيدۇ. خۇددى چىرايلىق كاتىپ سۆزگە زىننەت
بېرىدۇ ۋە خەتنى كۆرگۈچىگە راھەت بېغىشلايدۇ.
مەھبۇبىدىن كەلگەن خەتنىڭ گۈزەل، مەزمۇنى
نىڭ يېقىملىق بولۇشى كۆڭۈلنىڭ ئىشتىكى
ۋە جاننىڭ ئارامىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋائىي

نىياز كېرىم شەرقى يازغان

خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاقچاقان،
مىسكىن سىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان.
مۈشۈك شىر بولىدۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان.
بىلىمدىن بولسا گەر تۇرمۇش باراۋان،
قالاتتى ئەرك قىيىس كۆڭلىرگە نادان.
نادانلار ئۆتسىدۇ شۇنچە باراۋان،
ئەقىللىقلار ئۆتسۈنگەندىن بەكمۇ ھەيران.

سەئدى «گۈلىستان»دىن. شەرقىي يازغان

ھاياتنىڭ قامۇسىنى ئاچقىن ئەمدى،

بەڭباشلىق، بىخۇدلۇقتىن قاچقىن ئەمدى.

بىلىمنىڭ كانىدىن گۆھەرنى تاللاپ،

خالايىق باشلىرىغا چاچقىن ئەمدى.

بىنانىڭ ئۇلىنى پىششىقلامىز مۇسە،

ئۇرۇقدىن بىخلىغان مايىسىنى چىلىك تۇنە.

كەمتەر بول ئارمانلار ئالدىنكى داتىخى،

چوڭ ئۈمىد كۈتمەكتە سېنىڭدىن ئەل يۇرتۇڭ.

"سۇتۇق بۇغراخان" روماندىن. شەرقىي يارغان

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويما ئىگىلار مېنى،
يولدا قويسا ئىگىلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويما ئىگىلار مېنى،
مەن ئۆلۈپ تۇپراق تاپايتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»دىن . شەرقىي يازغان

كۆڭۈلگە زوق بېرەر ھەردەم بولۇپ ئەل ھۇزۇرى سەنئەت،

كۆڭۈلنىڭ ئۇزۇقى، دوستى ۋە كۆركى خۇشتېرى سەنئەت.




كىشى قەلبى، غۇرۇرىنىڭ نامايەندە سۈرى سەنئەت،

خۇشاللىق ئۇچ جىگەر چىقسا شۇ ئۆچى مۆئتەبىرى سەنئەت.

«غەزەل ۋە خۇشخەت سەنئەتلىرى»دىن . نىيازكېرىم شەرقى يازغان

غەزەپ بىلەن ھومسىيىمەن قەبىھ زالىملارغا،
كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا.

— لۇشۈن نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

---

ئاقارغان يۈز، قىسىلغان قاش، قويۇلغان ياش،

كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان،

تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،

بۇ ئەمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بوران.

---

ئەنۋەر ناسىر شېئىرى. نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

# تەئلىق خەت نۇسخىسى

تەئلىق خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك، تارىختا ئۆتكەن خەتتاتلىرىمىز ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يازىدىغان خەت نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

«تەئلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ، ئېسىپ قويغان، توختىتىپ قويغان، كىتابنىڭ ئېلاۋىسى، قوشۇمچىسى دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرىگە ئىگە. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ نۇسخىنى «خەتتى تەئلىق»، «خەتتى پارسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان كلاسسىك قولىيازما يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ نۇسخىدا يېزىلغان. تەئلىق خەت نۇسخىسى شوخ ۋە ئەركىن، ئىخچام ۋە گۈزەل نۇسخا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قايناق ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ نۇسخىدا يېزىلغان خەتلەر كىشىلەرگە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى، خۇش ناۋا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن ساھىبجامال رەققاسلارنى، رەڭگا رەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن چارباغلارنى ئەسلىتىپ، كىشى قەلبىگە يېزىقنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى ياقىدۇ. شۇڭا ناھايىتى نەپىس يېزىلغان تەئلىق خەتلىرىنى كۆرگەنچە كۆرگۈسى، ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدۇ.

تەئلىق نۇسخىسى كەشتىدەك چىرايلىق، ئوقۇشقا قولايلىق، سىغىمچانلىقى يۇقىرى، يېزىشقا ئەپلىك بولۇپ، ھەرپلەر بىر - بىرىنى كېسىپ ئۆتۈشمەيدۇ. سۆزلەر دانە - دانە يېزىلىدۇ، بىر سۆز بىلەن ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ ھەرپلىرى ئۆز ئارا تۇتاشمايدۇ. ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىقلىرى نىسبەتەن ئىنچىكە يېزىلىپ، توغرىسىغا تارتىلغان سىزىقلىرى توم يېزىلىدۇ. چېكىتلەر قەلەمنىڭ كەڭلىكىدە قىيپاش تۆت - چاسا قويۇلىدۇ.

ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىقلىرى ئۈچ چېكىت ئېگىزلىك ئۆلچىمىدە كالتىراق، ئوڭغا مايىل تارتىپ يېزىلىدۇ. ئوتتۇرا «ف، ق» ھەرپلىرىدىن باشقا كۆزلۈك ھەرپلەر نىڭ كۆزلىرى پۈتەي يېزىلىدۇ. «ب، پ، ت، س، ش» ھەرپلىرىنى بەش چېكىتتىن توققۇز چېكىتكىچە سوزۇپ يېزىشقا بولىدۇ. بۇ نۇسخىدا خەتلەر بىر توغرا سىزىقنى بويلاپ تۈز يېزىلماستىن بەلكى سۆزلەرنىڭ بېشى سەل يۇقىرىدىن باشلىنىپ 65 — 70 گرادۇسقىچە قىيپاشلىق ھاسىل قىلىدۇ، بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرى پەسرەك ئاخىرلىشىپ، ئىككىنچى سۆزنىڭ يۇقىرىدىن باشلىنىشىغا ئورۇن ھازىرلايدۇ. بۇ نۇسخىدا خەتلەر گەرچە بىر تۈز سىزىققا بەنت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمى كۆرۈنۈشىدىن بىر تەكشىلىك ئۇقۇمىنى بېرىدۇ.

# تەئلىق خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا | ئـا | ـا | ا |
| ئە | ئـە | ـە | ە |
| بـ | ـبـ | ـب | ب |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ۆ | ـۆ | ـئۆ | ئۆ |
| ۇ | ـۇ | ـئۇ | ئۇ |
| ـھ | ھـ | ـۋ | ۋ |
| ى | ـئى | ـېـ | ئېـ |

ئېـ ـېـ ئې ې

يـ ـيـ ي ي

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشق

ئا با جا سا غا قا كا ھا

ئە تە خە شە غە قە گە ھە

ئي تي چي شي قي كي لي ھي

ئې بې جې سې فې مې يې ھې

ئو ئۇ ئۈ ئۆ سۇ قۇ مۇ ھۇ

شەرقى 1992.

# چىراق

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خانەمدە گۆھەر بۇ چىراق،
نۇرنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق.
قاپ-قاراڭغۇ كېچىلەردە بۇ چىراق نۇر مەنبەئى،
تۈندە ئازغان-تېنگەننىڭ مەشئەلدۇر بۇ چىراق.
تۈندە ئۆچسە بۇ چىراق بولماس قەلەمنى ئالغىلى،
قانچە يازسام تېخى قالىنار تۈندە بۇ دەردۇ پىراق.
ئابدۇخالىق، كۆڭۈل شۇ تۈنلەر ئويقۇدىن بىدار ئەرسەن،
خۇددى بىر پەرۋانە بول، كۆيمە لېكىن نۇردىن يىراق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرى، شەرقى يازغان

كۆڭۈلگە زوق بېرەر ھەر دەم بولۇپ دىل ھوزۇرى سەنئەت.
كۆڭۈلنىڭ ئوزۇقى، دوستى شۇ كۆركى خۇشتىرى سەنئەت.
ئۇنىڭغا باغلىماي رىشتە خۇشال ئۆتكەن كىشى بارمۇ؟!
ھاياتلىق گۈلشىنى ئۈزرە گۈزەللىكنىڭ پەرى سەنئەت.
ياشار سەنئەت بىلەن خەلقىم بولۇپ بىر جان-ۇ بىر گەۋدە،
قوشار چېنىڭغا جان ھەم روھ شىپالىق كەۋسىرى سەنئەت.
ئۈزۈلمەي ئۆتسىمۇ يىللار، ئۈزۈلمەس يولى سەنئەتنىڭ.
تۈزەر ئۆز ئەھلىدىن كارۋان تېپىپ كۆپ مۇشتىرى سەنئەت.

«غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»دىن. نىياز كېرىم شەرقى يازغان

# تۇغۇلمىسۇن ناخشا

ھەر ناخشىنى ناخشا ئېيتىمەن، بۈگۈن ناخشام ئۆگەنتىم يەنە،
شۇ كۈچىنى ئېگەپ كېتەلمىدى. ناخشا بىلەن دېرىزە قېقىپ.
بىر يەلىنىشى كۆزلەپ ماڭمىغان، قايەرندە ۋۇششىلىك غىچىراپ،
ئاۋارىمەن تىنچى يېتەلمىدى. كايىپ كەتتى بىر بۇشۇۋاي چېقىپ:

جاقىرىسە ھەر كۈنى شۇنداق، كايىما بۇشۇۋا سەنمۇ بىر چاغدا،
سارغايمۇسەن ئۆگىشالمايدىغان. ياش ئىدىڭ ئۇنىڭغۇ تۇغۇلمايدىغان.
ياڭادا مەڭگۈ ئۇتقۇدەك بىر مەيسەن، سەنمۇ ئېيتىپ تۈگەتەلمىگەن،
قانداق ناخشا تۇغۇلمايدىغان. شۇنداق ناخشا تۇغۇلمايدىغان!

تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرى، نىياز كېرىم شەرقى يازغان

1989.12

شادلىق باشقا گەپتۇر، قايغۇ باشقا،
ھەۋەس باشقا گەپتۇر، سۆيگۈ باشقا.
جاھان بازارىدا ئىش مۇرەككەپ،
ئەقىل باشقا گەپتۇر، تۇيغۇ باشقا.

بىلىم باشقا گەپتۇر، تالانت باشقا،
ئالمەت باشقا گەپتۇر، ۋىجدان باشقا.
پەرق ئەتسە كىم بۇنى دانا دەل شۇدۇر،
شەيتان باشقا گەپتۇر، ئىنسان باشقا.

«تويى چاچقۇسى»دىن نىياز كېرىم شەرقى يازغان

سەھەردە ئويغىنىپ ئەلنى خۇمارلىقتىن ئايرىدىڭ كاككۇك ،

باھارنى زەر زىمىستاندىن كۆيۈپ كۈتكەندە ئايرىدىڭ كاككۇك .

قىرانىسىڭ بويىنى بويلاپ چىقىپ كەلسەم قىشنىڭ غەمىدىن ،

نەزەر تاشلاپ ئازاق ياققا بېقىشتىنمۇ قايرىدىڭ كاككۇك .

ئۇياقتا گۈل چېچەك كۈلۈپتۇ، خىيالنى ئېپ قاچار باغلار ،

بۇ ۋاقىت مەھمۇد بۇ شوخلۇقتا قاراپ ھېچ قانمىدىڭ كاككۇك .

پۇرايدۇ گۈل بىلەن ئەنبەر قۇياش سۆيگەن بۇ تۇپراقتىن ،

غۇرۇرلۇق ئەلكىمدە گۈللەڭ كۈلۈپ ئاي يايلىدىڭ كاككۇك .

«غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» دىن . نىياز كېرىم شەرقى يازغان

مەرىپەت مەشئىلى ئۆچمەيدۇ،
ئۇستازغە جىرى ئۆلمەيدۇ.

# قۇت بەلگىسى بىلىك

تەجربىلىك ئىستەيدۇ يولۇشۋاسىنى تۇتۇپ،
جەڭ كۆرمىگەن شەرقاچار تۆلكىدىن قورقۇپ.

نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

# كۇفى خەت نۇسخىسى

كۇفى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئۇمۇمەن ئانچە قوللىنىلمىغان، تەسىرى كەڭ بولمىغان بىر خىل نۇسخا بولۇپ، پەقەت مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا نەقىش بىلەن بىرگە بېزەك ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن نۇسخىلارنىڭ بىرى ئىدى. ھازىرقى زامان خەتتاتلىقىمىزدا كۇفى خەت نۇسخىسى ناھايىتى تېز ۋە ساغلام تەرەققىياتلارغا ئېرىشمەكتە.

كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا بۇ نۇسخىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىنى ئايرىپ، ئايرىم-ئايرىم ئىككى تارماق بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئايرىم توختىلىمىز. كۇفى خەت نۇسخىسى گەرچە ئەڭ قەدىمكى نۇسخا بولسىمۇ، بىز بۇ يەردە كۆرسىتىۋاتقان كۇفى خەت نۇسخىسى ئەسلى كۇفىنىڭ ئۆز شەكلى بولماستىن، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر قەدەر قېلىپلاشقان شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ ئەينى زامانلاردىكى ھەرپلىرى غەلىتە بولۇپ، توغرا سىزىقى ئىنچىكە، تىك سىزىقلىرى كەڭ، سەل سولغا مايىل يانتۇ يېزىلاتتى. ھازىر كۇفى نۇسخىسىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى پۈتۈنلەي چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئاممىبابلاشقان بۇ ھەرپ شەكىللىرى كۇفى نۇسخىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا بۇ نۇسخا تېخىمۇ مۇكەممەل قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ھەرپلەرنى قىرلىق، چېكىتلەرنى يۇمىلاق قويۇش ئارقىلىق ئۆزگىچە شەكىل بويىچە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشمەكتە.

كۇفى خەت نۇسخىسىنى قەلەم بىلەن بىۋاستە يېزىشقا ھەممە تېخىمۇ كۆپ سورۇنلاردا قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا كۆپ مەشىق قىلىپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈش كېرەك. كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ خەلقئارادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ھەر خىل چېچەك گۈل شەكىللىك، كۆرگۆل شەكىللىك ۋە يەلپۈگۈچ شەكىللىك ۋارىيانتلىرى مەيدانغا كېلىپ، خەلقئارا خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىدە زور شۆھرەت قازانماقتا. كۇفى خەت نۇسخىسى خەتتاتلىق ساھەسىدە يولى داغدام، تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىدا توساق ۋە چەكلىمىلەر يوق. پەقەت كۇفى نۇسخىسىنىڭ قىرلىق يېزىلىش ئالاھىدىلىكى ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا ھەر خىل يېڭى-يېڭى شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ.

كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى توق ھەم قىرلىق، غەلىتە ھەم سۈرلۈك بولغاچقا كىشىلەرگە بىر خىل جىددىيلىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. شۇنداقلا زامانىۋى سەنئەتنىڭ فانتازىيىلىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىپ، بىر خىل گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ بارىدۇ.

كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئەسلىيە كۇفى شەكىللىرىنى يازغاندا ئوتتۇرىغا سىزىق سىزماسلىق ھەممە مەركىزىي سىزىقنى ھەددىدىن زىيادە كەڭ ئالماسلىق كېرەك. سايە چۈشۈرۈپ يېزىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

# كوفى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا | ـئا | ـا | ا |
| ئە | ـئە | ـە | ە |
| بـ | ـبـ | ـب | ب |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ـخ | خ | ـخـ | خـ |
| ـر | ر | ـد | د |
| ـژ | ژ | ـز | ز |
| ـس | س | ـسـ | سـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |



| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ـم | ـمـ | مـ |
| ن | ـن | ـنـ | نـ |
| و | ـو | ئو | ئو |
| ۇ | ـۇ | ئۇ | ئۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۆ | ۆ | ئۆ | ئۆ |
| ۈ | ۈ | ئۈ | ئۈ |
| ھ | ھ | ۋ | ۋ |
| ې | ئې | ې | ئې |

ئـ ـىـ ئى ى

يـ ـيـ ـي ي

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشق

ئا با جا سا غا قا كا ھا

ئە تە خە شە غە فە يە ھە

ئې تې فې سې قې مې كې ھې

ئى نى بى شى فى يى لى ھى

ئۆ تۈ نۆ تۆ بۇ مۇ گو ھۆ

شەرق 1992.

يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ-يەمىش ئىرغاتۇ،
قولان-كەيىك ئاۋلاتۇ،
بادرام قىلىپ ئاۋنالىم.
چاغرى بەرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىدىپ تىشلاتۇ،
تۈلكە، توڭۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىن شەرقى يازغان

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
گۈلۈم غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە،
نىمە قايرىلسەن مۇنچە.
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇنچە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى . نىياز كېرىم شەرقى يازغان

ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەتنى سۆيگەن زار بولماس.
يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئۆتكەن ۋەيران بولماس.
ياسانچاق مەردانە بولماس،
كېپىنەك پەرۋانە بولماس.
سۇسىز ھاياتلىق بولماس،
ئەمگەكسىز راھەت بولماس.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى. شەرقىي يازغان

بىلىمسىز كىشى ئۆز ئۆمرىگە زالىملىق قىلىدۇ،
بىلىملىك كىشى كۆپنىڭ ئۆمرىگە ئالىملىق قىلىدۇ.

تۆھپە شان-شەرەپ ئەمگەكچان قولنىڭ مەھسۇلى،
ئۇ ھەرگىز مۇتەۋەككۇلچىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان ئىچى بوش،
ماقتانچاقنىڭ گېپى يوغان بىلى بوش.

ئا. ئەمەت، ت. روسۇل يازغان

# شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى

شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەكىللە-
رىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «كۇفى» ئەسلىدە ئېفرات دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قەدى-
مىي شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ خىل شەكىلدىكى خەتلەر بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپ قول-
لىنىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن «خەتتى كۇفى» دەپ ئاتىلىپ،
تارقالغان.

«شەترەنجى» شاھمات تاختىسىدەك، كاتەكلىك، چاسا- كۋادىرات شەكىل-
لىك، پەنجىر شەكىللىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، شەترەنجى كۇف-
دا خەتلەر ئومۇمەن قىرلىق، كاتەك شەكىلدە، كۆزلىرىمۇ پەنجىردەك كاتەك شەكىل-
دە، سىزىقلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش تومۇقتا. 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ياساپ يېزىلى-
دۇ. شەترەنجى كۇفى نۇسخىسى گېئومېترىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، بىناكار-
لىق سەنئىتىدە ھۆسن خەتنى نەقىشلەر بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ھەر خىل بېزەك ئورنىدا
قوللىنىشقا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. شۇنداقلا بىر قىسىم چىنە- تاۋاق قاتارلىق ھەر خىل
تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ھۈنەر- سەنئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

شەترەنجى كۇفى نۇسخىسىنى يازغاندا قىيپاش كېسىلگەن قەلەمنىڭ ئۈچىنى تەتۈر
تۇتۇپ، تۈز سىزىقنى بويلاپ تەكشى يازسا، خەتلەرنىڭ 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭلىرى
چىقىدۇ. بۇ نۇسخىنى يازغاندا خەتنىڭ قۇرۇلمىلىرى بىر قەلەمدىلا يېزىلمىغاچقا سۇرئى-
تى ئاستا بولىدۇ. ئەمما ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل نۇسخىغا ئىگە بولغىلى
بولىدۇ. شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ جەللى شەكىلدە يېزىلغان ھۆسنخەتلىرى
يەنە ئۆزگىچەبولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇللاردا خەت يازغاندا ئەقىل ئىشلىتىشكە توغرا
كېلىدۇ. خەتلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
ئارىلىقلار بىلەن خەتنىڭ تومۇقى كۆپ ھاللاردا تەڭ قويۇلىدۇ. بۇنداق خەتلەر بىر
قارىماققا بەئەينى بۇرۇنقى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ پەنجىرلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇ-
ماق بىر ئاز تەس كېلىدۇ. شەترەنجى كۇفى نۇسخىسىدا خەتلەرنىڭ ھەممىسى قىرلىق
بولغاچقا چېكىتلىرىمۇ قىرلىق بولىدۇ. بۇ نۇسخىنى ھەر بىر خەتتات قىرلىق بولۇش
شەرتى ئاستىدا ھەر خىل ئىجادىي شەكىللىرىنى ياراتسا بولىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ جەللى
شەكلىدىن باشقا يەنە ئەسلىيە نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ
يارىتىلغان ئەسلىيە شەترەنجى كۇفى ۋە ھەرپ قۇرۇلمىلىرى توم، ئارىلىقلىرى تار جىپ-
سىلىشىپ يېزىلىدىغان ۋارىيانتلىرى بار. شۇڭا شەترەنجى كۇفى نۇسخىسى كۇفى نۇس-
خىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ئايرىم نۇسخا قىلىپ بېرىلدى.

# شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى



| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |





| | | | |
|---|---|---|---|
| ۈ | ۈ | ئۈ | ئۈ |
| ۇ | ۇ | ئۇ | ئۇ |
| ـھـ | ھ | ۋ | ۋ |
| ې | ئې | ېـ | ئېـ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ى | ئى | ـىـ | ئـ | |
| ي | ـي | ـيـ | يـ | |
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 0 |


مەشق
ئا با جا سا غا قا كا ها
ئە نە خە شە غە كە ھە
ئې تې خې شې غې فې لې ھې
ئى نى جى سى غى قى كى ھى
شەرقى 1992.

بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،

بىلىم بولسا سۆزىدىن قايماس.

ئەقىل-ئىدرەك تۇزىماس،

ئىلىم-مەرىپەت خورىماس.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،

چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

يىقىلغان چېلىشقا تويماس،

بەدنىيەت خۇيىنى قويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»دىن. شەرقىي يازغان

كۆگلەرقا مۇغ تۈزۈلدى،
ئۋرىق ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۆزۆم ئۆزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم،
ئۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تۆلۆ كۆزلەيۇ،
ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،
تۈن-كۈن بىلە سەۋنەلىم.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىن . شەرقى يازغان

ئەلگە كىرسەڭ ئېپىلىكچە،

سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە.



ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،

رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»دىن

شەرقى يازغان

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،

ياخشىكىم - يامانىڭدىن.

ئاق سەللە، يېشىل سەللە،

بىزارمەن تامامىڭدىن.

كەمبەغەلگە يەيسە كۆلانى،

شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.

ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،

مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

- قېدىرخان يەركەندى شەرقىي يازغان

# رەيھانى خەت نۇسخىسى

رەيھانى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئاساسىي جەھەتتىن ماۋزۇ، تېما، كىتاب، ژۇرنال ناملىرى، قىسقا جۈملىلەرنى يېزىشقىلا قوللىنىلىدۇ. «رەيھان» بىر خىل گۈلگە بېرىلگەن ئىسىم، خەتتى رەيھانى لۇغەتتە خەتتاتلىقتىكى بىر خىل ھۆسن خەت نۇسخىسىنىڭ نامى بولۇپ، بېغىشلىمىلارنى يازغاندا قوللىنىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. رەيھانى خەت نۇسخىسى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇ ھەرپلىرىنىڭ مەلۇم ئۆزگىچە خاراكتېرى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن سۇلۇس نۇسخىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىر نۇسخا بولۇپ شەكىللەنگەن. رەيھانى خەت نۇسخىسىدا كۆپ مەزمۇنلۇق ئۇزۇن جۈملىلەرنى ياكى ماقالىلەرنى كۆچۈرسە ئۇنۇمى ياخشى بولمايدۇ. خەتلەرمۇ قالايمىقان، كۆرۈمسىز كۆرۈنىدۇ. ئەگەر قىسقا جۈملە، بېغىشلىما، گېزىت، كىتاب، ژۇرنال ناملىرىنى يازسا ناھايىتى چىرايلىق ھەم كۆركەم بولىدۇ. نۇسخا ئالاھىدىلىكىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. كىشىلەرگە يېزىقنىڭ ئىستېتىك زوقلاندۇرۇش لەززىتىنى بېرەلەيدۇ.

بۇ نۇسخىدا «ئا، ئە، ئو، ئۆ، ئې،ئى» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ باش كىرتىك سىزىقلىرى ئاستىدىن ئۈستىگە ئايلاندۇرۇلۇپ كىچىك ئەگمە چىقىرىپ يېزىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرپلەرنىڭ كىرتىكلىرى (چىشلىرى) ئۈستىگە چىقىرىلماستىن دولقۇنسىمان چىقىرىپ يېزىلىدۇ «ئا، ك، ڭ، ل» ھەرپلىرىنىڭ تىك سىزىقلىرىغا قوشۇمچە بىر ئايلانما سىزىق قويۇلىدۇ. بۇ ئايلانما سىزىق خەتكە ئالاھىدە زىننەت بېرىدۇ. «ج، چ، خ» ھەرپلىرىنىڭ قاش ئەگمىلىرى سىزىقچە ۋە يا ئەگمىگە ئۇلانغاندا ئوتتۇرىدا بادام شەكلىدە كۆز ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ يائەگمىلىرى سۇلۇس خەت نۇسخىسىغا ئوخشاش چوڭ ھەم سوزۇپ يېزىلىدۇ. «ز، ئو» ھەرپلىرىگە ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ سىرىملىرى ئىككى خىل ئۇسۇلدا يېزىلىدۇ. بۇ نۇسخىدا «ف، ق، م، ئو» ھەرپلىرىنىڭ بۇغداي دانىچىسىدەك كۆزلىرى بولىدۇ. «ک، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ تاق شاخ، جۈپ شاخلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىنىدۇ. چېكىتلەر تۆت چاسا، جۈپ چېكىتلەر ئۇلىنىپ دولقۇنسىمان كېلىدۇ. ئۈچ چېكىتلەر دولقۇنسىمان جۈپ چېكىت ئۈستىگە ياكى ئاستىغا بىر چېكىت ئۇلىنىپ قويۇلىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا چېكىتلەر ئايرىم-ئايرىم قويۇلمىمۇ بولىدۇ.

رەيھانى خەت نۇسخىسى يېزىلىشى ئەركىن ھەم جانلىق. كۆرۈنۈشى كۆركەم ھەم چىرايلىق، ھەرپلىرى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرىدىن كىچىكرەك يېزىلىدىغان، كىشىگە چايقىلىپ تۇرغان دەريا دولقۇنلىرىنى ئەسلىتىدىغان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

# رەيھانى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى



| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ـخ | خ | ـخـ | خـ |
| ـر | ر | ـد | د |
| ـژ | ژ | ـز | ز |
| ـس | س | ـسـ | سـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

كـ ـكـ ـك ك

گـ ـگـ ـگ گ

ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ

لـ ـلـ ـل ل

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ـم | ـمـ | مـ |
| ن | ـن | ـنـ | نـ |
| و | ـو | ـئو | ئو |
| وُ | ـوُ | ـئُو | ئُو |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆ | ـئۆ | ـۆ | ۆ |
| ئۈ | ـئۈ | ـۈ | ۈ |
| ۋ | ـۋ | ھ | ـھ |
| ئېـ | ېـ | ـئې | ې |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ى | ئى | ـىـ | ئـ |
| ي | ـي | ـيـ | يـ |

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشىق

ئا تا خا شا غا فا كا ھا

ئە تە خە شە غە قە گە ھە

ئې تې چې شې لې فې كې ھې

ئى بى جى سى مى قى گى ھى

ئو ئۇ ئۆ ئۈ خو قو نۇ ھو

شەرقى 1992.

يۇرت ھەم ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازابىنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
ئەل ئۈچۈن چەككەن بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

يىل ئارقىسىدىن يىلنى قوغلاپ ئۆتىدۇ يىللار،
نەتىجىدە قېرىپ كېتىدۇ ياپىياش بالىلار،
تاپالمايسەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭنى،
خەجلىسەڭمۇ ھەر سائەتكە مىڭلاپ تىللا.

ئەخمەد زىيائى شېئرى . مەشرىقى بازغان

مەجنۇنتال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا،
بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم.

بىرەر نادان ساڭا ئۆگەتسە دانىش،
كۈلۈپ قويغىن ئاڭا سەن قىلما كايىش.
ئېشەكنىڭ بەھەر ھاڭراپ تاشلىشى،
ئاتوم دەۋرىدىمۇ تۇرمۇشتا بار ئىش.

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر شېئىرى. شەرقى يازغان

قارا-قارا قاشلىرىڭغا قاتتىسا ئىچىمنى،
قارا قاشىنىڭ بازىرىدا ساتتىسا ئىچىمنى.
قارا قاشىنىڭ بازىرىغا يارىمىسام مەن،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتتىسا ئىچىمنى.
سېنىڭ جانىڭ مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ.
سەنمۇ ئادەم مەنمۇ ئادەم باقسا بولمامدۇ،
مۇنداق جاننى قىيناغۇنچە چاپسا بولمامدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»دىن. شەرقىي يازغان


تارىم
تەكلىماكان جۇڭغار
تەڭرىتاغ ئالتاي،
كۇئېنلۇن تاغلىرى
نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

# دىۋانى خەت نۇسخىسى

دىۋانى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ناھايىتى كەم قوللىنىلغان نۇسخا بولۇپ، خەتتاتلاردىن بۇ نۇسخىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. «دىۋانى» دۆلەت، ھۆكۈمەت، چوڭ ھەجىملىك قامۇس ۋە لۇغەت دېگەن مەنىلەردىن باشقا يۇمشاق ئورۇندۇق ــ سافاغىمۇ قارىتىلغان. ئۇنىڭ سۆز مەنىسىگە ۋە بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسەن «تۈز خەت نۇسخىسى» دىۋانى خەت نۇسخىسى دەپ ئاتىلىپ كەڭ تارقالغان ئىدى. خەتتاتلىقنىڭ خەلقئارادىكى ئورتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپ نۇسخىلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتۇق، شۇ بويىچە تونۇشتۇرماقچىمىز.

دىۋانى خەت نۇسخىسىدا «ئا، ئە، ئو، ئۇ» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ باش كىرىتكىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىلمىكى بولىدۇ. تىك سىزىق قۇرۇلمىسىدا ياسالغان ھەرپلەر سولغا مايىل يېزىلىدۇ. «ا، ك، ڭ، ل» ھەرپلىرى تۆۋەندىن باشلىنىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن قەلەم يەنە تۆۋەنگە قىيپاش يېزىلىپ بىر توم بىر ئىنچىكە قوش سىزىقلىق يېزىلىدۇ. «ب، پ، ت» ھەرپلىرى يېرىم سوقچاق چەمبەر شەكلىدە يېزىلىدۇ. «ج، چ، خ» ھەرپلىرىنىڭ قاش ئەگمىلىرى ئىككى ئۇچىدىن ياي ئەگمىگە ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ. ياي ئەگمىسى سوقچاق شەكلىدە يېزىلىدۇ. «ر، ز، ئو، ئۇ» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ سېرمىلىرى توق ھەم تولۇق، ئەركىن ھەم داغدام يېزىلىدۇ. «س، ش» ھەرپلىرى كىرتىك چىقىرىپ، بەزىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە كىرتىك چىقىرىلماي يېزىلىدۇ. ئوتتۇرا «ق، ف» ھەرپلىرىدىن باشقا ھەرپلەرنىڭ كۆزى پۈتەي بولىدۇ. «ك، ڭ، گ،» ھەرپلىرىدىن تاق شاخ، جۈپ شاخلىرى ئوڭدىن سولغا، باشلىنىشى توم، ئۇلانغان يېرى ئىنچىكە يېزىلىدۇ. «ڭ» ھەرپىنىڭ چېكىتى «ك» ھەرپىگە ئوخشاش شەكىل ئۈستىگە قويۇلۇپمۇ يېزىلىدۇ. «م» ھەرپى ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا قىيپاش يېزىلىدۇ. «ن» ھەرپىنىڭ تاقا شەكلى ئايلاندۇرۇپ ئۈستى يېپىق، چېكىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ يېزىلىدۇ. ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلما بەلگىلىرى رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ بەلگىلىرىگە ئوخشاش جۈپ چېكىتلەر بىر سىزىق، ئۈچ چېكىتلەر ئەگمە شەكلىدە، ھەمزىمۇ رۇقئى نۇسخىسىدىكىدەك يېزىلىدۇ.

دىۋانى خەت نۇسخىسى تۈز سىزىقنى بويلاپ يېزىلمايدۇ. جۈملىلەرنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرى يۇقىرىدىن باشلىنىپ قىيپاش شەكلىدە يېزىلىدۇ. خەتلەر گەرچە قىيپاش ھەم ئىرماش-چىرماش يېزىلغاندەك بولغان بىلەن، كىشىگە بىر خىل ئەدىبنىڭ راۋان قەلەم خاتىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ نۇسخىدا بولۇپمۇ «ب، پ، ت» ھەرپلىرىنى پەۋقۇلئاددە چوڭ يېزىشقا ھەمدە «س، ش» ھەرپلىرىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سېرىپ يېزىشقا بولغاچقا خەتلەرگە ئاجايىپ گۈزەل ھۆسن بېرىدۇ. ھەر بىر قۇر قىيپاش يېزىلغان خەتنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشىنىڭ تەكشى بولۇشىغا ھەمدە ھەرپلىرىنىڭ ئۆلچەملىك، چىرايلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

# دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ـا | ـئا | ئا |
| ە | ـە | ـئە | ئە |
| ب | ـب | ـبـ | بـ |




خـ ـخـ ـخ خ
د ـد ر ـر
ز ـز ژ ـژ
سـ ـسـ س ـس









| | | | |
|---|---|---|---|
| ى | ئى | ـىـ | ئـ |
| ي | ي | ـيـ | يـ |

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشق

ئا با جا سا غا قا كا ھا

ئە تە خە شە غە قە گە ھە

ئى تى جى شى قى مى گى ھى

ئى بى جى سى فى يى كى ھى

ئۇ نۇ ئۆ ئۈ خۇ فۇ مۈ ھۇ

شەرىق 1992.

كۆڭۈل غەزنەسىنىڭ قۇلۇپى تىلدۇر،

ۋە ئۇل غەزنەسىنىڭ ئاچقۇچى تىلدۇر.

دۇردانلە دېگەن سۆزنى ئېيسانە بىل،

جاھان دېگەندا سۆزنى دۇردانە بىل.

ئىنسانى سۆز ئەدى جۇدا ھايۋاندىن،

بىلكىم گوھەرى شەرىفراق يوق ئاندىن.

ئەلىشىر نەۋائى

فىيازكېرىم شەرقى يارخان . 1989 يىل ...



باغۋەن بولۇپ باغىمنى ئۈچرەتەرسەم نازاگۇللەرنى

ئىگەم سېنى خوش يار ئالتىن ئەگسەم نازۇك لالەرنى

مېنى سورساڭ ئوت شۇ ھالدا ئىگەم سېرىق كۆزۈم بولدا

ئاق يۈزۈڭگە تۇتمايە ردە تەرھى نالە قوللەرنى

ياكى ئاغىزىڭ ئەسلى لالەدۇر قارىشىڭ جاننى ئالادۇر

ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر قويۇپ ئىچەم جايلارنى

غېرىب ئاشىق بولدۇم پەقىر يار بولسا بولدۇم ھەقىر

مېنگىن يۈرۈپ ئەسىم توقدۇ ئاچچىق جاللارنى

«غېرىب-سەنەم» داستانىدىن. نىياز كېرىم شەرقى يازغان

سەن تۇ بىر بەدە تولغان ئايىم، يۈزۈڭگە خال يارىشىپتۇ،
سېنى كۆرگەن ئازمانالار دىلىغا بۆرەكلەرگە ئوت تۇتاشىپتۇ.
ئىشىك ئالدى چىمەندۇر، ئەگىسە شاخى سۇنادۇر،
يار ئۆتسىگە يار تۇتماق قىز-يىگىتكە گۇنادۇر.
ئەزەلكى لاي سۆيۈنى، كۆڭلىگە باشلىماڭ يارىم،
ئەقلى ھوشىڭىز بولسا بىزنى تاشلىماڭ يارىم.
سۇغا ئاسالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقالى تۆمۈرنى.
ئالتۇن بىلەن تىلىس بولماس قالغان كۆڭۈلنى.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى . نىياز كېرىم شەرقى يازغان


ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى. نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

# جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى

جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ناھايىتى كەم قوللىنىلغان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىنى بىلىدىغان خەتتاتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. «جەللى دىۋانى» ھۆسن خەت نۇسخىسىنىڭ خاس نامى بولۇپ، باشقا مەنەنى بىلدۈرمەيدۇ.

جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. دىۋانى خەت نۇسخىسدا «ئا، ئە، ب، ئو» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ باش كىرتىكلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىلمەكى بولسا، جەللى دىۋانى نۇسخىدا تەئلىق نۇسخىسىدەك ئۇچلۇق يېزىلىدۇ. «ا، ك، گ، ل» ھەرپلىرى دىۋانى نۇسخىدا قوش سىزىقلىق يېزىلسا، جەللى دىۋانى نۇسخىسدا بىرلا نەقىش شەكىللىك «S» قا ئوخشاش شەكىل قويۇپ يېزىلىدۇ. «ب، پ، ت» ھەرپلىرى دىۋانى نۇسخىدا يېرىم چەمبەر شەكىلدە سوقچاق يېزىلسا، جەللى دىۋانى نۇسخىدا سوقچاق شەكلىنىڭ داۋاملاشقان دولقۇنسىمان ئىنچىكە سىزىقى بولىدۇ. «ج، چ، خ» ھەرپلىرى بولسا ئىككى خىل شەكىلدە ئايلاندۇرۇپ يېزىلىدۇ. «ر، ز، ژ، ئو» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ سېرەملىرى ئۇزۇن سوزۇپ ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا دولقۇنسىمان ئىنچىكە كۆتۈرۈپ ئىككى خىل يېزىلىدۇ. «س، ش» ھەرپلىرى كىرتىك چىقىرىپ ۋە يۇقىرىدىن سوزۇپ دىۋانى نۇسخىسىدەك ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلىدۇ. ئوتتۇرا «ق، ف» ھەرپلىرىدىن باشقا ھەرپلەرنىڭ كۆزى پۈتەي بولىدۇ. «ك، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ تاق شاخ، جۈپ شاخلىرى سولدىن بىر ئايلانما نەقىش شەكىل چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئايلاندۇرۇپ يېزىلىدۇ. ئوتتۇرا، ئاخىر «ك، گ، ڭ، ل» ھەرپلىرىنىڭ تىك سىزىقلىرىدا «S» شەكىللىك قوشۇمچە بېزەك بولمايدۇ. «ج، چ، خ، م» ھەرپلىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئۇنىڭغا ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بىر كىچىك نەشپۈت شەكىللىك كۆز چىقىرىلىدۇ. چېكىتلىك ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرى دىۋانى نۇسخىسىنىڭكىدەك ئۇلاپ قويۇلماستىن دانە-دانە قويۇلىدۇ. ھەمزەنىڭ ئۈستۈنكى سىزىقى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئايلاندۇرۇپ يېزىش جەريانىدا بىر يۇمىلاق كۆز ھاسىل بولىدۇ.

جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسدا بىر جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر گىرەلىشىپ كېسىشىپ يېزىلىدۇ. ئاستى-ئۈستى چەك ئىچىدىكى خەتلەرنىڭ بوشلۇقلىرى ھەر خىل بېزەك بەلگىلەر ۋە ئۇششاق چېكىتلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. «ك، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ تاق شاخ، جۈپ شاخلىرى ۋە چېكىتلىرى ئۈستى چەكتىن ھالقىپ چىقىرىلىدۇ. «ج، چ، خ، غ» ۋە «م» ھەرپلىرىنىڭ كىچىك نەشپۈت شەكىللىك قۇيرۇقلىرى ئاستى چەكتىن ھالقىپ چىقىرىلىدۇ. بىر قۇر خەتتە مەلۇم ئورۇنلىرىغا بولۇپمۇ «ب، پ، ت» ھەرپلىرىنىڭ بېزەك بەلگىلىرى قويۇلماي يېزىلسا، باشقىچە ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

# جەلىلى نەۋائى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى







| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |







ئـ ـىـ ئى ى

يـ ـيـ ي ي

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشىق

# ئا با جا سا غا قا گا ھا

# ئە تە خە شە غە قە گە ھە

# ئې تې جې شې فې مې گې ھې

# ئى بى چى سى قى يى لى ھى

# ئو ئۇ ئۆ ئۈ خۇ قو مو ھۆ

شەرقى 1992




12 مۇقام (ئۇزھال مۇقام تېكستى) شەرقىيارغان



قۇتلۇق شەۋقى شېئىرى . نىياز كېرىم شەرقى يازغان



# ئىجازەت خەت نۇسخىسى

ئىجازەت خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا كەم قوللىنىدىغان نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نۇسخىدا يېزىلغان خەتلەر كۆپ ھاللاردا سۇلۇس نۇسخىسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، روشەن پەرقلەندۇرۇلمىگەن. «ئىجازەت» رۇخسەت بېرىش، يول قويۇش دېگەن لۇغەت مەنىلىرىگە ئىگە. بۇ نۇسخىنىڭ ناھايىتى ئازساندىكى ئۆزىگە خاس ھەرپلىرىدىن باشقا ھەرپلەر سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى بولۇپ، پەقەت مەلۇم ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سۇلۇس نۇسخىسىدىن پەرقلىنىپ، ئايرىم بىر نۇسخا بولۇپ شەكىللەندۇرۇلدۇ.

ئىجازەت خەت نۇسخىسىدا «ئا» ھەرپلىرى كەينىدىن كەلگەن تىك سىزىقلىق ھەرپلەر بىلەن ئۈستىدىن ئۇلىنىدۇ. شۇڭا «ئا» نىڭ ئۈستىدىن سولغا ئىلمەك چىقىرىپ يېزىلىدۇ. باشقا ھەرپلەرمۇ بىر جۈملىدە مۇۋاپىق كەلگەن تەرەپلىرىدىن ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ. بۇ خىل بىر جۈملە سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئۈستىدىن، ئوتتۇرىدىن ھەممە ئاستىدىن تەبىئىي ھالدا ئۇلىنىپ يېزىلىشى ئىجازەت نۇسخىسىنىڭ نۇسخا بولۇشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ا، ك، ڭ، ل» غا ئوخشاش تىك ۋە ئوڭ تىك ھەرپ قۇرۇلمىلىرىدا ياسالغان ھەرپ شەكىللىرىنىڭ ئۈستىنىكى ئۇچى تەرىپىگە كىچىك بىر ئايلانما سىزىق قويۇلىدۇ. بۇ ئايلانما سىزىق ھەرپ شەكلىگە كۆركەم تۈس بېرىشتىن باشقا، ھەرپلەرنىڭ تىك قۇرۇلمىلىرىنى سەل پاكارلىتىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىجازەت نۇسخىسىنىڭ سۇلۇس نۇسخىسىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىجازەت نۇسخىسىدا ھەرپلەر نورمال چوڭلۇقتا ھەم نورمال ئېگىزلىكتە يېزىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى بىلەن ئۇزۇن جۈملىلەرنى يازغاندا ئىجازەت نۇسخىسىدا يېزىلىدۇ. بۇ نۇسخىدا ئېگىز ھەم بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قاتلىنىپ يېزىلماستىن قۇر ئېلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئىجازەت نۇسخىسىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىدا يەنە خەت قۇرلىرىنىڭ ئاستى-ئۈستى تەكشىلىكىنى قوغلىشىپ ناھايىتى شالاڭ ھالدا خەتتىن ئىنچىكە، بېزەك بەلگىلىرى قويۇلماي، خەتلەر ئۆز قۇرۇلمىلىرى بىلەن ئاستى-ئۈستى تەكشىلىكىنى ھاسىل قىلسا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

سۇلۇس نۇسخىسىدا بېرىلگەن ھەرپلەرنى ئىجازەت نۇسخىسىدا، ئىجازەت نۇسخىسىدا بېرىلگەن ھەرپلەرنى سۇلۇس نۇسخىسىدا ئىشلەتسە بولىدۇ. سۇلۇس نۇسخىسىدا خەتلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئىككى، ئۈچ قاتلىنىپ يېزىلىدۇ. شۇڭا تىك سىزىقلىرى ئېگىز، ھەرپلىرى چوڭ بولىدۇ. ئىجازەت نۇسخىسىدا خەتلەر قۇر ئېلىپ يېزىلىدىغان بولغاچقا، تىك سىزىقلىرى سەل قىسقا، ھەرپلىرى سۇلۇستىن سەل كىچىك بولىدۇ. بىراق ھەرپ قۇرۇلمىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

# ئىجازەت خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ـا | ـئا | ئا |
| ە | ـە | ـئە | ئە |
| ب | ـب | ـبـ | بـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |


خ خ خ خ
د د ر ر
ز ز ش ش
س س س س

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك | ـك | ـكـ | كـ |
| گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| ل | ـل | ـلـ | لـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | م | ـمـ | مـ |
| ن | ن | ـنـ | نـ |
| و | و | ئو | ئو |
| ۇ | ۇ | ئۇ | ئۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۈ | ـۈ | ـئۈ | ئۈ |
| ۆ | ـۆ | ـئۆ | ئۆ |
| ـھـ | ھـ | ـۋ | ۋ |
| ـې | ـئې | ـېـ | ئې |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ﻯ | ﺊ | ﯩ | ﺋ |
| ﻱ | ﻲ | ﻴ | ﻳ |

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشىق

ئا با چا سا غا فا كا ھا

ئە تە خە شە غە قە لە ھە

ئى نى شى قى كى لى ھى

ئى يى شى مى نى فى كى ھى

ئو بو يۇ خۆ قو مۇ ھۆ

شەرقى 1992.

تىلنى چىقىرىپ ئاڭا بەردى دىل

ئۇيات بەردى يە گۈزەل خۇش پىل

ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل

روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى بىل

جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل

بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل

„ قۇتادغۇبىلىك ،، تىن . شەرقى يازغان


ئىلىم بىر غەزىنىدۇر ئاچقۇچى سوئال
ئاڭلا ئەمما سۆزلەپ بىل تاپۇرسەن كامال
ناھەق ئىشقا كىشى گەر بولسا راۋان
ئۆز ۋۇجۇدىن قىلغۇسى ئۆزى ۋەيران
كۆڭۈلگە يەتسە گەر تىلدىن جاراھەت
ھېچ مەلھەم قىلالماس ئۇنى سالامەت
«گۈلىستان» دىن. شەرقىي يازغان


موقام

# سۇلۇس خەت نۇسخىسى

سۇلۇس خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئاساسلىق نۇسخىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «سۇلۇس» ھۆسن خەتنىڭ خاس نامى بولۇپ، ماتېماتىكىدا ئۈچتىن بىر، مۇزىكىدا ئۈچ قايتىلاش، پائۇزا دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەينى زامانلاردا خەتتاتلارنىڭ ماھارىتى سۇلۇس نۇسخىسىدا ھۆسن خەت يېزىش بىلەن ئۆلچەنگەن.

سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا بارلىق ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توق ۋە چوڭراق، ئۇستىخانلىق ۋە مەردانە يېزىلىدۇ. تىك سىزىقلىق ھەرپلەرنىڭ تىك قۇرۇلمىلىرى باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەرپلىرىدىن ئېگىز؛ ئالتە چېكىت ھەتتا ئون چېكىتكىچە ئېگىزلىكتە سەل سولغا مايىل يېزىلىدۇ. باش كىرتىك، ئوگتىك قۇرۇلمىلىرىنىڭ كىچىك ئۆلمىكى بولىدۇ. «ئۇ، ق» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ بادامغا ئوخشاش كۆزى بولىدۇ. «ئو، ر» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ سىرمىلىرى ئۇزۇن تۈز شەكىلدە ياكى دولقۇنسىمان يېزىلىدۇ. «ن، ق، ل» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ تاقىلىرى چاساراق يېزىلىدۇ. «ت، ق» ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا تىك قويۇلىدۇ. «ك، چ» ھەرپلىرىنىڭ باش ھەم ئوتتۇرا «ك، چ» نىڭ ھەممە شەكىلدە ئۈچ چېكىتنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ قاتار قويۇشقا بولىدۇ. سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا مۇتلەق كۆپ ھەرپلەرنىڭ ئىككى خىل يېزىلىدىغان شەكلى بولۇپ، خەت يېزىش جەريانىدا ئېھتىياجغا قاراپ يا ئۇنداق يا مۇنداق شەكلى قوللىنىدۇ. سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ يەنە بىر خىل ھەرپ شەكىللىرىنى ئىجازەت خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى قىسمىغا كىرگۈزۈپ تونۇشتۇردۇق.

سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا سۆزلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى دەستىلەپ، ھەتتا ئايرىم ئەھۋاللاردا كېسىشتۈرۈپ يېزىلىدۇ. خەتنىڭ ئومۇمىي تەكشىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، قۇر ئاستى ۋە ئۈستىدىكى كەڭرى بوشلۇقلارغا خەت يازغان قەلەم تومۇلۇقىنىڭ 2 / 1 گە تەڭ كېلىدىغان قەلەم بىلەن مەنەسىز بېزەك سىزىقلىرى قويۇلىدۇ. ۋە بەزىدە «ھ، م، و» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ كىچىك شەكىللىرى بېزەك ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. ئومۇمەن خەتنىڭ بوش ئورۇنلىرى تەكشىلىنىپ، ھۆسن خەتكە ھۆسن قېتىلىدۇ.

سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ سەلسى سۇلۇس، جەللى سۇلۇس دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. سەلسى سۇلۇستا بېزەك سىزىقلىرى قويۇلمايدۇ. جەللى سۇلۇس بولسا كۋادرات ۋە يۇمىلاق شەكىللىك، دائىرىلىك خەتلەردىن ئىبارەت.

# سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ـا | ئـا | ئا |
| ە | ـە | ئـە | ئە |
| ب | ـب | ـبـ | بـ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| ت | ـت | ـتـ | تـ |
| ج | ـج | ـجـ | جـ |
| چ | ـچ | ـچـ | چـ |

خ خ خ خ

د د ر ر

ز ز ژ ژ

سـ سـ س

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ۆ | ـۆ | ـئۆ | ئۆ |
| ۈ | ـۈ | ـئۈ | ئۈ |
| ـھـ | ھـ | ـۋ | ۋ |
| ې | ئې | ېـ | ئېـ |

ئـ ـىـ ئى ى

ېـ ـېـ ـې ې

1 2 3 4 5

6 7 8 9 0

مەشىق

ئا نا خا سا غا قا كا ها ا

ئە نە خە شە غە قە كە ھە

ئ ش ر ح س غ ف ك ھ

ئى بى سى غى قى لى كى ھى

ئۇ بۇ بۇ خۇ قۇ نۇ ھۇ

شەرق 1992.




ئابدۇسالام توختى شېئىرى . نىيازكېرىم شەرقىي يازغان






ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن . شەرقۇ يازغان


نىياز كېرىم شەرقى يازغان

# تۆۋئەم خەت شەكلى

تۆۋئەم خەت شەكلى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا، مىللىي ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بىر خىل ھۆسنخەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. «تۆۋئەم» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە ئوخشاش، ماسلاشقان، سۆيۈشكەن، بىر - بىرىگە بېقىشقان، قوشماق، قوشكېزەك دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرى بار. تۆۋئەم خەت شەكلى گەرچە ئۆزىگە خاس ھەرپ نۇسخىلىرىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكلى بىلەن ھۆسن خەت تۈرلىرى قاتارىدىن سەپكە تىزىلغۇزۇلىدۇ. تۆۋئەم خەت شەكلىنى يازغاندا، كۆپ ھاللاردا سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۇفى، تەئلىق ۋە ئىجازەت خەت نۇسخىلىرىنىڭ ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپمۇ ناھايىتى ياخشى تۆۋئەم شەكلىدىكى ھۆسن خەتلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ؛ بۇ شەكىلدە بىر جۈملە سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئوڭدىن - سولغا ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلۈپ ھەمدە بىر - بىرىنى كېسىشىپ، مۇرەككەپ ھەم كۆركەم نەقىشتەك ھۆسن خەت شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ نۇسخىدا يارىتىلغان ھۆسن خەت قوشماق شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، خەتلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى ياكى ئۈستىدىكى ۋە ياكى ئاستىدىكىسى يازماقچى بولغان خەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، قارىمۇ قارشى تەرەپتىكىسى قوشماق خەتنىڭ مەۋھۇم تەسۋىرىدىن ئىبارەت.

تۆۋئەم خەت شەكلىنى يازغاندا، ھۆسن خەت يازماقچى بولغان قەغەزنى ئوتتۇرىدىن ئۆلچەپ ياكى قاتلاپ تەڭ ئىككى بۆلەككە ئايرىۋېلىپ، يېزىمىغا خەت ئوڭ پېتىچە بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈپ، كېسىشتۈرۈپ يېزىلىدۇ. ئېھتىياجغا ئاساسەن، ھەرپلەرنىڭ مەلۇم قۇرۇلما سىزىقلىرى مۇبالىغىلاشتۇرۇلۇپ، گېئومېترىيىلىك ھەر خىل نۇقتىلاردىن كېسىشكەن قۇرۇلما سىزىقلىرىدىن پايدىلىنىپ نەپىس تۆۋئەم شەكلى يارىتىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، مەلۇم ئاددىي نەقىش ۋە مەنىسىز بېزەك سىزىقلىرىنى قوشۇپ يېزىشقا بولىدۇ.

تۆۋئەم خەت شەكلىدە ھۆسن خەتنىڭ ئوتتۇرىدىن بۆلۈنگەن قارىمۇ قارشى تەرەپلىرىنى، بىر قىسىم جۈملىلەردىكى ھەرپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەر ئىككى تەرىپى بىر - بىرىگە ماس كەلگەن بىر پۈتۈن مەنىگە ئىگە قىلىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق يېزىلغان تۆۋئەم خەت شەكلىنىڭ بىر تەرىپى ئىككىنچى تەرىپىنىڭ مەۋھۇم تەسۋىرى بولمايدۇ.

تۆۋئەم خەت شەكلىنىڭ بۇ ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغاندا ناھايىتى كۆركەم، بەدىئىيلىكى ئۈستۈن، جەلپ قىلارلىق ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.



(بەخت كېلىدۇ تەردىن)

نىياز كېرىم شەرقى يازغان


1989.2





«سالامەت بولۇڭ»، «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» شەرقىي يازغان


نيازكېرىم شەرقى يازغان

# تەسۋىرىي خەت شەكلى

تەسۋىرىي خەت شەكلى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە، ئاما قىزىقىدىغان، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر بەك قىزىقىپ، ياخشى كۆرىدىغان شەكىل ھېسابلىنىدۇ. تەسۋىرىينىڭ خەتتاتلىقتىكى مەنىسى، يېزىق ئارقىلىق ئادەم ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش دېگەنلىك بولۇپ، رەسىم تۈسى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. تەسۋىرىي خەت شەكلىدە ئېھتىياجغا ئاساسەن خالىغان بىر نۇسخىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشقا، شۇنداقلا ئۆزى ئىجادىي شەكىللەرنى يارىتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەقىل ئىشلىتىپ، پىكىر يۈرگۈزسە، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەر بىر ھەرپى ۋە بۇ ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلما سىزىق ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرىدە ئاجايىپ ئوبراز ۋە شەكىللەرنى ياراتقىلى بولىدىغان ئامىللار بار. بۇ ئامىللاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغاندىلا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، بەدىئىيلىكى يۇقىرى تەسۋىرىي خەت شەكلىدىكى ھۆسن خەت ئەسەرلىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ. تەسۋىرىي خەت شەكلىدە يېزىلغان ھۆسن خەتلەرنى ئومۇمىي تۈرۈپ شەكلىگە قاراپلا، ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا يېزىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

تەسۋىرىي خەت شەكلىنىڭ ئۈچ خىل يېزىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بار: بىرىنچىسى، مەلۇم نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئۇنىڭ يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز شەكلىنى ئىپادىلەپ بېرىش، مەسىلەن، «گاگىي» دېسە، گاگىنىڭ شەكلىنى، «كورۇشكا» دېسە، كورۇشكىنىڭ شەكلىنى، «لاچىن» دېسە، لاچىننىڭ شەكلىنى ئىپادىلەپ بېرىش. ئىككىنچىسى، تەقلىدىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش، مەسىلەن «قاراماي» دېگەن شەھەرنىڭ نامىنى بىر ۋىشكىنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بۇ ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ نېفىت شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. «تەكلىماكان» دېگەن بىر يەر نامىنى ئىرماش، چىرماش گىرەلىشىپ ئۆسكەن بىر توغراقنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ناھايىتى سېھىرلىك بىر ماكان ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىش. ئۈچىنچىسى بىر جۈملە سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم بىر خىل نەرسىنىڭ شەكلىنى يارىتىش. مەسىلەن، «ئوقۇتقۇچى دىلنى يورۇتقۇچى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى نەشپۈت شەكلىدە ئىپادىلەش. بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان تەسۋىرىي خەت شەكلى ـ كىشىلەرگە ئىستېتىك لەززەت بېرەلەيدۇ.

تەسۋىرىي خەت شەكلىنىڭ بىر يوللا يېزىپ بىر نەرسىنىڭ رەسمىنى ئىپادىلەش ھەمدە مەلۇم بىر نەرسىنىڭ شەكلىنى ئالدىن سىزىۋېلىپ، ئاندىن ھەرپلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلى بار. شەكىل قوغلىشىپ، جۈملىلەرنى قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياكى ھەرپ شەكىللىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا خەت ئاستىدىن ئۈستىگە، ئوڭدىن سولغا قائىدىلىك يېزىلىدۇ. چىگىش، ئوقۇغىلى بولمايدىغان خەتلەرنى يېزىشتىن ساقلىنىش كېرەك.


بىلىم بولغۇسى دەرياغا كۆۋرۈك،
قەلەم بولغۇسى ئاسمانغا تۆۋرۈك.
نىياز كېرىم شەرقىي يازغان
1982.3.10
(قەلەم)
(دۇۋەت)
(قەغەز)




Y


B


1962-يىلى تىجارەت قىلغان
1984-يىلى قايتىدىن يازغان
شەرق


Ķ
قىش


K




ئورمان بىنا قىلايلى


تەكلماكان
شەرقى يازغان

# ھەر خىل ھۆسن خەتلەر

ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا، باشتا كۆرسىتىلگەن نۇسخا ۋە ھۆسن خەت شەكىللىرىدىن باشقا يەنە جەللى ھەم كۆرگۆل خەت شەكىللىرىمۇ بار. جەللى خەت شەكلى ئاساسەن سۇلۇس نۇسخىسى ياكى ئىجازەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوڭدىن سولغا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ، مىنگەشتۈرۈپ ھەمدە كېسىشتۈرۈپ يېزىلىدىغان، ھەر خىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدىغان كۆركەم، چىرايلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولىدۇ. باشقا خەت نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپمۇ جەللى خەت شەكلىنى يېزىشقا بولىدۇ. كۆرگۆل خەت شەكلى، جەللى خەت شەكلىدىن ئايرىتىپ قويۇلغان نام بولۇپ، ئومۇمەن ھەممە تەرەپتىن ئوڭ كېلىدىغان ئايلاندۇرۇپ يېزىلغان ھۆسنخەتلەر كۆرگۆل خەت شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆرگۆل خەت شەكلىدە ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بار. بىرىنچىسى، ھۆسن خەتلەر مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ يېزىلىپ، ئوتتۇرىغا نەقىش ياكى جەللى شەكلىدىكى خەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىككىنچىسى ھۆسن خەتلەرنىڭ تىك سىزىقلىرى مەلۇم بىر نۇقتىدىن كېسىشىپ ئوتتۇرىدا بەش، ئالتە ياكى يەتتە ـ سەككىز ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق شۇئالىق يۇلتۇزلار شەكىللەندۈرۈلۈپ يېزىش. بۇ خىل نەقىش ئالاھىدىلىكى قويۇق بولغان كۆرگۆل شەكلىنى ھەر خىل قۇرۇلۇشلاردا ئۆينىڭ تورۇسىغا، زامانىۋى ئۆي بېزەشلەردە تاملارغا گەج بىلەن ئويۇپ ئىشلەتسە، مىللىي بېزەكنىڭ سەنئەت بەدىئىيلىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

شىكەستە ۋە مۇھەققەق نۇسخىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھەرپ شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش باسقۇچىدا بولغاچقا، بۇ كىتابتا توختالمىدۇق. مەغرىبى خەت نۇسخىسى دىۋانى نۇسخىسىنىڭ پەرقى ئاز بىر خىل ۋارىيانتى بولغاچقا نۇسخا قاتارىدىن قالدۇرۇلدى. نەستەئلىق ھەمدە خۇشئەئلىق خەت نۇسخىلىرىنى تەئلىق نۇسخىسىدىن ئاجرىتىپ، پەرقلەندۈرۈش كېيىنگە قالدۇرۇلدى. ئەمدى ھۆسن خەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەسەر ئىشلەش توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ھەر بىر ھۆسن خەت نۇسخىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە ئۆلچىمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جانلىق ھالدا يېزىش ئۇسۇللىرى بولىدۇ. ئۆلچەمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، جانلىق بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە ھۆسن خەتنى قەغەز يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولغاچقا، بەزى قۇرلارنىڭ ئاخىرىدا بوشلۇق چوڭ قالسا، بەزى قۇرلارنىڭ ئاخىرىدا ھەرپ پاتماي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا جانلىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەتتاتلىقتا، ھەر بىر قۇر سۆزنى قەغەزگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھۆسن خەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ھۆسن خەت ئەسەرلىرىنى ئىشلەشتە قەغەزنىڭ ئاستى، ئۈستى، ئوڭ–

سول تەرەپلىرىدىن مۇۋاپىق بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن سىرت، ھەر
بىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ نۇسخا تاللاش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇر-
غىلى بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەرنى ئىشلەشتە ھەر خىل ۋاستىلارنى قوللىنىش مۇمكىن،
ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا. ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن قانداق بىر ئە
سەر ئىشلەش توغرىسىدا ئالدىن ئويلىنىپ، بىر پارچە لايىھە ئىشلەپ، مۇۋاپىق تېپىلغاندىن
كېيىن يېزىش كېرەك. بەزىدە ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئەتراپلىرىغا
مۇۋاپىق نەقىش ياكى ھەر خىل شەكىللەرنى ئىشلىسە بولىدۇ. بىراق ھەددىدىن زىيا-
دە بېزەك بېرىش ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، خەتلەرنىڭ يازماخۇسۇسىيىتىنى يو-
قاتسا، ھۆسن خەت بولماي قالىدۇ. چۈنكى خەتلەر يېزىش قوراللىرىنىڭ ئوخشىماس-
لىقى، يېزىش ئۇسۇللىرىنىڭ پەرقلىنىشى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۈچ
چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچىسى، ياغاچ، قومۇچ، بامبۇك، پەي ۋە ھەر خىل موي
قەلەم قاتارلىق ئۇچى كېسەك، قىرلىق يېزىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان قول-
يازمىلار بىر چوڭ تۈر بولۇپ، بۇ خىل خەتلەر «ھۆسن خەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىك-
كىنچىسى، يالاڭ قەلەم ياكى قوش قەلەمدە، سىزغۇچ، سىركول، چىرتيوژ قەلەملىرى-
دىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئۇسۇلدا سىزىپ، ياساپ، سايە ۋە بېزەك بېرىلگەن خەتلەر
بىر چوڭ تۈر بولۇپ، «بېزەك خەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، قېرىنداش،
رۇچكا، پولات قەلەم، مايلىق قەلەم قاتارلىق بىر خىل تومۇلۇقتىكى ئىنچىكە ئۇچلۇق
قەلەملەردە يېزىلغان چىرايلىق ھەم ئىملاسى توغرا، ئىزچىل يېزىلغان قەلەم خېتى بىر
چوڭ تۈر بولۇپ، «خۇش خەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆسن خەت، بېزەك خەت ۋە
خۇش خەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم يېزىش ئۇسۇلى ۋە نۇرغۇن نۇسخىلىرى بار.

ئۇچى كېسەك قەلەملەردە ئادەتتىكىچە يېزىلغان خەتلەر «چوڭ خەت» دەپ ئاتا-
لىدۇ. چوڭ خەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆسن خەت بولىۋەرمەيدۇ. ھۆسن خەتنىڭ ئۆزىگە
خاس نۇسخا ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىلىكى بولىدۇ. ھۆسن خەت يەنە بىرىنچىدىن
ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە، ئىككىنچىدىن سەنئەت قىممىتىگە ئىگە. نۇسخا ئالاھىدى-
لىكلىرى بويىچە يېزىلغان ھەر خىل ۋېۋىسكا، ئۇقتۇرۇش، ئېلان ۋە شۇئار قاتارلىقلار
ھۆسن خەتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئەدەبىي تىلنىڭ نۇسخا
ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە يېزىلغان قولىيازمىلىرى سەنئەت قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
كىشىلەرگە بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بېرىدىغان گۈزەل تىلنىڭ چىرايلىق يېزىلىشى «ھۆ-
سن خەت ئەسىرى» بولالايدۇ. تەندە روھ بولمىسا، ئىنساندا ھاياتىي كۈچ بول-
مىغىنىدەك، ھۆسن خەتنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان لەززىتى بولمىسا، قىممىتى بولمايدۇ.


ئاچىل
ئاچىل
گۈل
ئاچىل
1988.3.





سادر پالۋان قوشاقلرى . نيازكرم شرقى يازغان


يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، ئاشىقى ئوتقا چۈشمىگۈنچە،
ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەس، يامانغا چۈشمىگۈنچە.
قول ئۇزاتسام يارغا يەتمەس، يار سىزنىڭ ئىشقى ئوتى يەتمەس،
ياخشى-ياماننى پەرق ئەتمەس، بىر نامەرت تىگىگە چۈشمىگۈنچە.
ئاشىق بولغان سىنچاك بولماس، شەھەر بولغان جاڭگال بولماس،
ئىشقىڭدە دىل پاك بولماس، ئىشقى ئوتىدا كۆيمىگۈنچە.
شاھى ئاباس مەن بىلمەسدىم، ئىشق ۋولدەنى دەپ يۈرۈپ ماندىم،
ئىشق ئوتىنى مەن بىلمەسدىم، ئۆز باشىمغا كەلمىگۈنچە.
«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن. شەرقى يازغان



كۆرگۈل خەت شەكلى    شەرق.ت، روسۇل.ق. جاپپارلار يازغان.


1983.1.


1985.3.


ۋەتەندۇر تەخت ۋەتەندۇر بەخت،
ۋەتەنسىز ئامىتىڭ مازغاپ.
ۋەتەن قانات ۋەتەن تۇلپار،
ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
«تويي چاچقۇسى»دىن
نىياز كېرىم شەرقىي يازغان

ISBN 7-80547-104-5 / J . 87

باھاسى : 10.80 يۈەن